# دۇفۇ شېئىرلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

186276
I222.742
U-1

# دۇفۇ شېئىرلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇكېرىم خوجا



755158380

شىنجاڭ داشۆ كۇتۇپخانىسىنىڭ كىتابى
新疆大学图书馆藏书

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

索书号: 186276
书 名: I222.742 دۇفۇ شېئىرلىرى
登录号: 定价: U-I يۈەن 0.39 بەت 88
借 者 | 借 期 | 还 期

كىتاپنى توۋەندە يېزىلغان ۋاقىتتا قايتۇرۇش لازىم
下列最后之日期本书必须归还

مۇددىتىدە قايتۇرايلى كىتاپنى ئاسراپ
爱 护 图 书 · 按 期 交 还

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىكىم تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىلياس رەھىمى

# دۇفۇ شېئىرلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇكېرىم خوجا

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئىلى گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787مم 1/32 باسما تاۋىقى: 3.25
1987 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
1988 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1-1.400
ISBN7-228-00316-0/I.104
باھاسى: 0.39 يۈەن

## كىرىش سۆز ئورنىدا

دۇفۇ جۇڭگونىڭ 8- ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ رېئالىست شائىرى. ئۇ، تاڭ شۇەنزۇڭ تەختكە چىققان يىلى (مىلادى 712 - يىلى) خېنەن ئۆلكىسىنىڭ گوڭشەن ناھىيىسىدە دۇنياغا كېلىپ، تاڭ دەيزۇڭنىڭ دالى يىللىرىدا (مىلادى 770 - يىللىرىدا) دۇنيادىن ئۆتكەن.

شائىر دۇفۇ ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك شېئىرىيەت تەرەققىيات تارىخى راسا گۈللىنىۋاتقان تاڭ دەۋرىدە ياشىغان. ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ئۆمرى تاڭ خاندانلىقىنىڭ گۈللىنىشتىن توزۇشقا، كۈچىيىشتىن ئاجىزلىشىشقا ۋە بىرلىكتىن پارچىلىنىشقا قاراپ يۈز تۇتقان دەۋر ئىچىدە ئۆتتى. فېئودال ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ چىرىكلىكى، ئاچكۆزلۈكى ۋە ئۇرۇشقاقلىقى تۈپەيلىدىن تاڭ شۇەنزۇڭ يەنى لى لۇڭجى زامانىغا كەلگەندە، جەمئىيەت قارىماقلىققا گۈللىنىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ ئەمما سىنىپىي ۋە مىللىي زىددىيەتلەر خېلى كەسكىنلىشىپ كەتكەنىدى: مىلادىنىڭ 755 - يىلى يۈز بەرگەن «ئەن لۇشەن - شى شىمىڭ(ئۆگلۈك - سۆيگۈن) توپىلىڭى» ئەنە شۇ زىددىيەتلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك پاش

بولۇشىدۇر. بۇ توپىلاڭ جەمئىيەتكە قاتتىق پاراكەندىچىلىك سېلىپ، خەلقنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىگە سۆرەپ كىردى. شائىر دۇفۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى، ئۇ ئەنە شۇنداق بىر مەزگىلدە خەلق تەرىپىدە تۇرۇپ، تارىخىي ھەقىقەتنى يۈكسەك بەدىئىيلىككە ئىگە شېئىرلار ئارقىلىق ئومۇمىيۈزلۈك ۋە تىرەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاڭ زامانىسىنىڭ شېئىرىيىتىنى رېئالىزم پەللىسىگە كۆتۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كېيىنكىلەر شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى «ئېپوس» ۋە شائىرنىڭ ئۆزىنى «شېئىرىيەت پىرى» دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ كەلدى.

دۇفۇ ھۆكۈمران سىنىپقا تەۋە بولغان موللا ۋە ئەمەلدار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىجادىيەت جەريانىدا ئۆز سىنىپىغا ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن يانباسمىدى، ئەكسىچە ئۆز سىنىپىنىڭ تار كۆز قارىشىدىن ئازاد ھالدا ھەمىشە ئاددىي خەلق تەرىپىدە تۇرۇپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆزىنىڭ شەخسىي دەرد - ئەلىمىنى ئىپادىلەشتىن خەلقنىڭ ئېغىر، جاپالىق ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئۆتتى. مەسىلەن ئۇنىڭ:

«يىل بويى پۇقرا ئۈچۈن كۆپ غەم يېدىم،
ئۆرتىنىپ دەرد ئوتىدا كۆيدى دىلىم.
تۇۋا دەپ تەڭتۇشلىرىم قىلدى مازاق،
ياڭرىتىپ ناخشامنى مەن كەلدىم بىراق.»



دېگەن مىسرالىرىدىن شائىرنىڭ تەقدىرى بارا - بارا خەلقنىڭ تەقدىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

1) مىلادىنىڭ 712- يىلىدىن 746- يىلىغىچە بولغان مەزگىل، شائىرنىڭ ئۆگىنىش ۋە ساياھەت قىلىش مەزگىلى بولدى. ئۇ 20 يېشىدىن باشلاپ تەخمىنەن 10 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە شەندۇڭ، خېنەن، جياڭسۇ ۋە جېجياڭ قاتارلىق جايلارنى ئالا قويماي ساياھەت قىلىپ چىقتى ۋە بۇ جەرياندا ئۆزىگە زامانداش مەشھۇر شائىرلار بىلەن تونۇشتى. بۇ خىل ھايات ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى زېمىن ھازىرلاپ بېرىش بىلەنلا قالماستىن، ئاددىي پۇقرالارنىڭ قانداق ئېغىر ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ چىقىشقىمۇ ئوبدان پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

2) مىلادىنىڭ 746- يىلىدىن 755- يىلىغىچە بولغان مەزگىل، شائىرنىڭ چاڭئەندە سىياسىي جەھەتتىن چەتكە قېقىلغان ۋە شۇ تۈپەيلى سىياسىي ھەم ئىدىيە جەھەتتىن بىر قەدەر پىشقان مەزگىلى. شائىر دۇفۇ 746 - يىلى پايتەخت چاڭئەنگە:

«دەپتىمەن ئەمدى يېتەر ئەر يوق ماڭا،
ئۆرلىگەيمەن كۆكنى بويلاپ بىگۇمان؛
خانغا ئەقىل بەرگۈدەك بوپقاپتىمەن،
ئەلنى ھىدايەتكىمۇ باشلايدىغان.»

دېگەن زور تەمەننا بىلەن كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن «ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ» دېگەندەك، ئۇنىڭغا ئوردىدىن ھېچقانداق ئورۇن تەگمىدى. چاڭئەندە قانچە يىل تۇرغان بولسا، سىياسىي جەھەتتىن شۇنچە يىل خورلۇق تارتتى ۋە غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئۆتتى. ئەگەر بىز ئۇنىڭ:

«تەمتىرەپ سەھەردە بايلار ئىشىكىدە،
شامدا ئاتلار كەينىدە يەپ چاڭ — توزان؛
قالدى — قاتتىق ئاش بىلەن ئۆتتى كۈنۈم،
ھەر قايان قاتراپ چېكىپ دەردۇ — پىغان.»

دېگەن مۇڭلۇق مىسرالىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، شائىرنىڭ تۇرمۇشتا نەقەدەر قىينالغانلىقىنى ئوچۇق كۆرۈۋالىمىز. بۇ مەزگىلدە، شائىر ئۆزىگە سىياسىي جەھەتتىن يول تېپىش مەقسىتىدە بەزى ئاماگەرلىككە ياتىدىغان شېئىرلارنى يېزىشتىنمۇ خالى بولالمىدى. لېكىن، بۇ مەزگىل شائىرنىڭ ئۆزىگە توغرا يول تېپىۋېلىشقا تۈرتكە بولغان مۇھىم بىر مەزگىل بولدى. چۈنكى ئۇ ھۆكۈمران سىنىپنىڭ چىرىكلىكى ۋە چاكىنىلىقىنى مۇشۇ مەزگىلدىلا بىر قەدەر ئەتراپلىق ۋە



تېرەن چۈشىنىۋالىدى. بولۇپمۇ شائىرنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ناچارلىشىپ ئۆز تەقدىرى خەلقنىڭ تەقدىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇ مەسىلىلەرگە خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ قارايدىغان، تەھلىل قىلىدىغان ۋە ئىجتىمائىي بوھرانچىلىق يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرەلەيدىغان بولدى. مەسىلەن، ھۆكۈمران سىنىپنى بىۋاستە سۆكىدىغان «لەشكەرىي يۈرۈش توغرىسىدا نەزمە»، «ساھىبجاماللار توغرىسىدا نەزمە» قاتارلىق ئەسەرلەر بۇنىڭ ياخشى مىسالىدۇر. بولۇپمۇ ئۇنىڭ پايتەختتىن فۇڭشيەن ناھىيىسىگە مۇلاقەتكە ماڭغان سەپەر ئۈستىدە يازغان «ئاستانىدىن فۇڭشيەن ناھىيىسىگە قىلغان سەپەر ئۈستىدىكى تەسىراتىم» ناملىق شېئىرلىرىدا ئۇنىڭ خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. شائىر:

«ئولتۇرار كىم ساز مۇڭىغا غەرق بولۇپ،
شەربىتى بال يەل — يېمىشكە غىق تويۇپ.
زۇگلى چوكلار ئاشنى تۆكسە سېسىتىپ،
شور ئىلىكلەر ياتىدۇ يولدا قېتىپ.
شۇنچە پەرقلىق بولىدىكەن باي — گاداي،
ئاھ دەردىخ، سۆزلەپ يەنە مەن نە قىلاي!»

دەپ ئۆز زامانىسىدىكى سىنىپىي زىددىيەتنى رەھىمسىز رەۋىشتە پاش قىلىدۇ ۋە يوقسىزلىق دەستىدىن

يول تۆپىسىدە توڭلاپ ئۆلگەن نامراتلارغا قاتتىق ئىچ ئاغرىتىدۇ. شائىرنىڭ پايتەخت چاڭئەندىن فۇڭشەن ناھىيىسىگە قايتىشىدىكى مەقسىتى ئۆز بالا - چاقىسى بىلەن خۇشال - خۇرام دىدارلىشىش ئۈچۈن ئىدى. لېكىن ئۇ يىراق يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھېرىپ-ئېچىپ ئۆيىگە شۇنداق كىرىشى بىلەنلا پۈتۈن ئۆيدە يىغا-زارە باشلىنىپ كېتىدۇ ۋە ئاچارچىلىق سەۋەبىدىن بىر بالىسى قازا تاپقانلىقىنى ئاڭلايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە شائىرنىڭ ئۆيدە يۈز بەرگەن ئېچىنىشلىق بىر تراگېدىيە، لېكىن ئۇلۇغ شائىر دۇفۇ ئۆز بېشىغا كەلگەن بۇ پاجىئەنى پەقەت يەككە-يېگانە بىر ھادىسە دەپ قارىمىدى-دە، ئۇنى پۈتۈن جەمئىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىدى. شۇڭا ئۇ يۇقىرىقى شېئىرىنى تۆۋەندىكى تەسىرلىك مىسرالار بىلەن ئاياغلاشتۇرالىدى:

«كەپتۇ كۈز بۇ يىل بولۇپ مول - توقچىلىق،
نە ئۈچۈن نامراتقا كەلدى يوقچىلىق؟

..........................................

تاغ بولۇپ باستى بېشىمنى غۇسسە - غەم،
غەرق بولۇپ غەم بەھرىگە چۆكتۈم شۇ دەم.»

3) مىلادىنىڭ 756-يىلىدىن 759-يىللىرىغىچە بولغان مەزگىل، شائىرنىڭ تۆت يىل جەڭ-جېدەل ئىچى-



دە جاپالىق كۈنلەرنى خەلق بىلەن بىللە ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن مەزگىلى بولۇپ، بۇ جەرياندا، شائىر لەشكەرلىككە قاتنىشىپ بىر قانچە يىل كىچىك ئەمەلدار بولۇپ ئۆتىدۇ، لېكىن خەلقپەرۋەر ھەم ھەققانىيەتچىل بۇ شائىر ھۆكۈمران سىنىپنىڭ تەلپىدىن چىقالمىغانلىقتىن بۇ ئەمەلدىنمۇ قالدۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىياسىي جەھەتتىن يەنە بىر قېتىم قاتتىق زەربىگە ئۇچرايدۇ. ئەمما شائىر بۇنىڭلىق بىلەن خەلقتىن يىراقلىشىپ ۋە چۈشكۈنلىشىپ كەتمەيدۇ. ئەكسىچە ئىلگىرىدىنمۇ، ئىجادىيەتتىمۇ خەلققە تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ. قەدىمدىمۇ - ھازىرمۇ، دۆلەت ئىچىدىمۇ -دۆلەت سىرتىدىمۇ داڭ چىقىرىپ كېلىۋاتقان ئۆلمەس شېئىرلىرىدىن بولغان «شىنئەن بېگى»، «تۇڭگۇەن بېگى»، «شىخاۋ بېگى»، «يېڭى نىكاھدىن جۇدا»، «قېرىلىقتىن جۇدا»، «ئۆيدىن جۇدا» قاتارلىقلاردا ئىپادىلەنگەن پىكىرلەر ئۇنىڭ مۇشۇنداق خەلقپەرۋەر ئىدىيىسىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسىدۇر. مۇشۇ مەزگىلنى شائىرنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ تازا گۈللەنگەن بىر مەزگىلى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

4) مىلادىنىڭ 760-يىلىدىن 772-يىللىرىغىچە بولغان مەزگىل، شائىرنىڭ شۇ چاغدىكى سىياسىي كۈرەشنىڭ مەركىزى بولغان پايتەخت چاڭئەندىن چىقىپ غەربىي جەنۇبىي جۇڭگودا سەرگەردانلىق ھايات كەچۈرگەن

مەزگىلى بولۇپ، ئۇ مۇشۇ مەزگىلدە تولاراق سىچۇەننىڭ چېگدۇ، كۇيجۇ شەھەرلىرىدە ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئۇ سىياسىي كۈرەشتىن قولىنى ئۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن خەلقنى ۋە خەلقنىڭ تەقدىرىنى زادىلا ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى؛ بۇلار شائىرنىڭ لىرىك شېئىرلىرىنىڭ ئاساسلىق تېمىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ «كۈز بورىنىدا ۋەيران بولغان كەپەمگە بېغىشلايمەن» ناملىق مەشھۇر شېئىرى بۇنىڭغا ئوبدان مىسال بولالايدۇ. شائىر بۇ شېئىرنى ئۆزىنىڭ چېگدۇ شەھىرىدىكى ئاددىي كولبىسىدا يازىدۇ.

ئۇلۇغ شائىر دۇفۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرلىرى 1400 پارچىدىن ئاشىدۇ. بۇ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە، جۈملىدىن دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان زور بايلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇفۇ يالغۇز جۇڭگو ھەر مىللەت خەلقىنىڭلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا خەلقىنىڭمۇ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئۇلۇغ كلاسسىك شائىردۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۇ، ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1250- يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 1962- يىلى دۇنيا مەدەنىيەت ئەربابى سۈپىتىدە دۇنيا خەلقى تەرىپىدىن خاتىرىلەندى.

* * *

خەنزۇ شېئىرىيىتىدە قەدىمكى شەكىلدە يېزىلغان



شېئىرلار، تامامەن مۇقىم ۋە مۇئەييەن بىر ۋەزىندە يېزىلىدۇ. بۇنداق ۋەزىن خەنزۇ تىلىدا «پىڭزې (平仄)» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزنى رىتىم، ئاۋاز ۋە قاپىيىگە بولغان تەلىپى ناھايىتى كۈچلۈك ۋە قاتتىق بولىدۇ. شۇڭا بۇ شەكىلدە كىشىلەر ئاسانلىقچە شېئىر يازالمايدۇ ۋە يازسىمۇ تەلەپكە ئۇيغۇن كېلىدىغىنى ئاز بولىدۇ. مۇشۇ ۋەزىندە يېزىلغان «چىلۈي» (يەتتە خەتتە بىر مىسرا تۈزۈلىدىغان شېئىر شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ) ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى «غەزەل» بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ خىل شەكىلدە يېزىلغان شېئىرلاردا ئاساسەن سەككىز مىسرا بىلەن بىر پىكىر تۈگۈنلىنىدۇ، ئۇنىڭ قاپىيىسى تولاراق aa·ba·ca·da بولۇپ كېلىدۇ. ئايرىم چاغلاردا aa·ba·ca·ba بولۇپمۇ كېلىدۇ. مۇشۇ ۋەزىندە يېزىلغان «جۆجۈي» («تۆتلىك») ئۇيغۇرچە رۇبائىيغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇنداق شەكىلدە يېزىلغان شېئىرلارنىڭ تۆت مىسراسىدا چوقۇم بىر پىكىر بايان قىلىنىشى كېرەك. ئۇنىڭ قاپىيىسى تولاراق aa·ba بولۇپ كېلىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك ئۇيغۇرچە مەسنەۋى، مۇرەببە شەكىللىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان شەكىللەرمۇ بار. لېكىن بۇلارنىڭ ھەر قاندىقى ئاشۇ «پىڭزې» ۋەزنىدە بولۇشى شەرت. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن دۇفۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئارۇزنى ۋەزنىگە سېلىپ تەرجىمە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

ئەپسۇسكى، مەن ئارۇزنى ۋەزنىنىڭ بىر-ئىككى بەھرىدىلا بىرقەدەر ياخشىراق بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، بۇ تەرجىمەنى باشتىن ئاخىر دېگۈدەك شۇ بىر بەھرىدە تەرجىمە قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇ، تەرجىمەدىكى ئوچۇقلا كەمچىلىكلەرنىڭ بىرى. بۇنىڭ سىرتىدا يەنە مەزمۇن جەھەتتىمۇ كېتىپ قالغان نۇرغۇن چايلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن. كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

تەرجىماندىن



## مۇندەرىجە


تەيشەن تېغىنى كۆرگەندە ........................ 1
مىراقۇل فالكباققان غوز ئېتىشقا بېغىشلايمەن ...... 2
باھاردا لى بەينى ئەسلەپ ...................... 3
سول قول مىرزا بېگى ۋۇي جىغا تەقدىم ...... 4
لەشكىرىي يۈرۈش توغرىسىدا نەزمە ............. 7
ساھىبجامالىلار توغرىسىدا نەزمە ................. 10
چېگرىغا سەپەر ناخشىسى (توققۇز شېئىر) ...... 14
يەنە چېگرىغا سەپەر ناخشىسى (تۆت شېئىر) ...... 19
ئاستانىدىن فۇڭشەن ناھىيىسىگە قىلغان سەپەر
ئۈستىدىكى تەسىراتىم .............................. 23
شاراب ناخشىسى ...................................... 32
ئايدىڭ كېچە .......................................... 34
باھار زوقى ............................................ 35
يۈرەك سۆزى .......................................... 36
تەنھا شاراب ئىچكەندىن كېيىن .................... 38
چاڭسۈن كەنتى توغرىسىدا ئۈچ شېئىر ......... 39
شىنئەن بېگى ........................................ 42
تۇڭگۇەن بېگى ...................................... 45

## تەيشەن تېغىنى كۆرگەندە①

ئەي ئۇلۇغ تەيشەن ئاتا، ھالىڭ نىچۈك؟
ئوت- سولۇك زۇمرەت ئىگەن چەكسىز سۈزۈك.
بارگۈزەللىك سەندە جەم بوپتۇ تولۇق،
كۈننى ئىككىگە بۆلۈپسەن ئەخۇدۇك.
ئاچتى قات - قات بۇلۇتۇڭ كۆڭلۈمنى بەك،
چۈشتى شۇڭقار كۆزگە تەس ئۇچقاچقا تىك.
باغلىدىم بەل چىققىلى چوققاڭغا مەن،
بار يوقۇڭنى سەيلە قىلماققا تۈزۈك.

---

①دۇفۇ مىلادىنىڭ 735- يىللىرى تەشرىپىدارلىققا ئۆتۈش ئۈچۈن لوياڭغا كېلىپ ئىمتىھانغا قاتنىشىدۇ، لېكىن ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدۇ - دە، خېنەن، خېبېي، شەنشى ۋە شەندۇڭ قاتارلىق جايلارنى سەيلە قىلىشقا چىقىپ كېتىدۇ. بۇ شېئىرنى ئۇ شەندۇڭغا كېلىشۋېتىپ يول ئۈستىدە يازغانت.




شىخاۋ بېگى ..... 47
يېگى ئىگاھىدىن جۇدا ..... 50
قېرىدىلىقتىن جۇدا ..... 53
ئۆيىدىن جۇدا ..... 56
سەنەم ..... 59
لى بەي چۈشۈمدە (ئىككى شېئىر) ..... 61
تەنها تۇرغاندا ..... 64
مېھمان كەلدى ..... 65
باھار كېچىسىدىكى خاسىيەتلىك يامغۇر ... 66
كۆز بورىنىدا ۋەيران بولغان كەپەمگە بېغىشلايمەن... 67
خۇا بېگىمگە تەقدىم ..... 69
خان لەشكەرلىرىنىڭ خېنەن ۋە خېبېينى قايتۇرۇۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ ..... 70
ئوتتۇنچى ئاياللار توغرىسىدا نەزمە ..... 72
كۆز ئىلھامى ..... 74
قەدىمكىلەر ئىزىنى ئەسلەپ ..... 77
ئېگىزگە چىققاندا ..... 79
يىل ھارپىسى توغرىسىدا نەزمە ..... 80
يەتتە ناخشا ..... 82
توققۇزىنچى كۈنى شەھەرى شىنجۇ سېپىلىغا چىققاندا ..... 86
قالىغاچ قېيىقتا قونغاندا ..... 87
يۇرمىگىن خۇدۇكلىنىپ ..... 88

## مىراقۇل فاك باققان غۇز ئېتىغا بېغىشلايمەن①

داڭقى بار پەرغانىدا بەك غۇز ئېتى،
ئۇز كېلۇر قىيغان قومۇشتەك قۇلىقى.
جۇغ - تېنى بەكمۇ كېلىشكەن بايقىساڭ،
يەرگە تەگمەس بەلكى چاپسا تۇيىقى.
كار قىلالماس بارچە تۇسقۇن، ھاڭ - ئېغىز،
ئاڭا باغلىق بەندىنىڭ ساق بولمىقى.
قانچە سەپەر قىلسا بولۇر شۇنچە شاي،②
پەرقى يوق يولىنىڭمۇ يېقىن - يىراقى.

---

① مىراقۇل فاك — ھەربىي قوشۇندىكى كىچىك بىر ئەمەلدار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ۋە ئىش ئىزلىرى توغرىسىدا ئېنىق بىر ماتېرىيال يوق. دۇفۇ بۇ شېئىرنى تەخمىنەن مىلادىنىڭ 740 - ۋە 741 - يىللىرى يازغان — ت.

② ئىتتىك مەنىسىدە.



## باھاردا لى بەينى ئەسلەپ ①

نەزمىدە لى بەيگە تەڭ كەلمەس جاھان،
پىكرى يۈكسەك ئۆزگىدىن ھېسسىي راۋان.
تىلى سۇشىندىن گۈزەل ھەم ساپ ئۇنىڭ،②
ئۇسلۇبى باۋجاۋنى يەڭگەي ھەر قاچان.③
كەلدى ۋۇيېيغا باھار، گۇگۇمدا مەن —④
باقىمەن دەريا سىرى مەشرىق سايان.
جەم بولۇپ قايتا شېئىرىيەت بابىدا —
مۇڭدىشارمىز مەي - شاراب ئىچكەچ قاچان؟

---

① مىلادىنىڭ 744 - يىللىرى ياز ئايلىرىدا دۇفۇ بىلەن لى بەي تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىدۇ ۋە ئىككىسى بىللە كەيفىيك، شاڭچۇ قاتارلىق جايلارنى ساياھەت قىلىدۇ. 2-قېتىم يەنە يۈنجۇ دېگەن جايدا ئۇچرىشىپ قالىدۇ. لېكىن، شۇنىڭدىن كېيىن قايتا ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. دۇفۇ بۇ شېئىرنى 746-، 747-يىللىرى چاڭئەندە تۇرغان چاغدا يازغان.

② سۇشىن — نەنبېيچاۋ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر شائىرى ھەم ئاتالىقلار سەركەردىسى.

③ باۋجاۋ — سۇشىنىنىڭ زامانىدىشى ھەم ئالدىنقى سەپنىڭ ھەربىي مۇشاۋىرى.

④ ۋۇيېي — جاي ئىسمى.

## سول قول مىرزا بېگى ۋۇي جىنا تەقدىم①

ئاچ قېلىپ بايۋەچچە ئۆلمەس ھېچقاچان،
موللىغا كۆپلەپ كېلەر زەخمەت ـ زىيان.
ئاڭلا سۆزۈمنى، ئاتا سېلىپ قۇلاق،
ئىچ سىرىمنى مەن ساڭا ئەيلەي بايان:
تا گۆدەك چېغىمدىلا ئەجىر قىلىپ،
ئوردىغا بەرمەكچى بولدۇم ئىمتىھان؛
كەتتى قولۇمدا توزۇپ تالاي كىتاب،
قەلەممگە بەردى خىزىر خۇددى جان.
نەزمىدە زىجەنگە قالدىم يېتىشىپ،②
تەڭ كېلەتتى ماڭا ياڭ شۇگمۇ ئاران؛③
بولدى لى يۈك تونۇشۇشقا ئىنتىزار،④
قوشىندار بولماققا ۋاڭ خەن يانمۇ يان.⑤
دەپتىمەن ئەمدى يېتەر ئەر يوق ماڭا،
ئۆرلىگەيمەن كۆكنى بويلاپ بىگۇمان؛
خانغا ئەقىل بەرگۇدەك بوپقاپتىمەن،
ئەلنى ھىدايەتكىمۇ باشلايدىغان.
بۇ خىيالىم بولدى بەربات، توزۇدى،
ئۆتتى ئۆمرۈم خۇددى دەرۋىشتىن يامان.



كەتتى ئېشەك ئۈستىدە ئون ئۈچ يىلىم،
بولدى پايتەختتە چىرايىم زەپىران.
تاڭدا بايلار ئىشىكىدە نەمىرەپ،
شامدا ئاتلار كەينىدە يەپ چاڭ ـ توزان؛
قالدى ـ قاتتى ئاش بىلەن ئۆتتى كۈنۈم،
ھەر قايان قاتراپ چېكىپ دەردۇ ـ پىغان.
چۈشتى بىر كۈن يەنە خاندىن چاقىرىق،
كەلدى بىر ئوي كۆكسىرى ئۆرلەيدىغان.
ئەمما چۈشتۈم ئاقىۋەت موللاق ئېتىپ،
تاشلىدى چۆلگە بېلىقتەك نەس زامان.
ئىلتىپات كۆردۈم تولا سەندىن ئاتا،
چىقمىدى سەندەك مېنى قوللايدىغان؛
تۆرىلەرگە داغلىدىڭ ھەردەم مېنى،
بولسىمۇ نەزمەم قوپال، قامالاشمىغان.
گۈڭ بېگىم ئۆلگەم مېنىڭ، يۈەن شەنئەمەس،⑥
بەلكى مەن ئۆلگە قىلىپ دورايدىغان.
ياتقىلى بولماس ھەمىشەم دەرد چېكىپ،
ئەمدى ئەۋزەل كەتمىكىم كېزىپ جاھان.
خوشلىشىپ چاڭئەن بىلەن كەتمەكچىمەن،
تېخى بارغايمەن شەرق دېڭىز سايان؛
ماڭا قىلغان ھىممىتىڭگە ئاپىرىن،
خوش قىلار ئادەمنى ھەتتا بۇردا نان.

قالدى جۇڭشەن تېغىدا قەلبىم مېنىڭ،
باقمىغەن ۋۇيخېي بويىدىن سەن تامان.
كەتتىما لاچىن كەبى ئەركىن ئۇچۇپ،
ياتىدۇ ئاستىمدا دېڭىز بىپايان.

---

① بۇ شېئىر تەخمىنەن مىلادىنىڭ 748 ـ يىللىرى يېزىلغان. ۋۇي جى شۇ زاماندا مۇنشىلار دىۋانىنىڭ سول قول مىرزا بېگى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ دۇفۇنىڭ تالانتىغا بەكمۇ قايىل ئىدى ۋە ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. دۇفۇ ئۇنى ئۆزىگە سىرداش تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ تىلەك ـ ئارزۇلىرىنى يوشۇرماي سۆزلەپ بېرەتتى ۋە ئۇنى «ئاتا» دەپ ھۆرمەتلەيتتى.

② زىجەن — دۇفۇدىن ئاۋۋال ئۆتكەن مەشھۇر شائىر ساۋ جىژىنىڭ تەخەللۇسى.

③ ياڭ شۇڭ — غەربىي خەن زامانىسىدىكى مەشھۇر نەزمىچى.

④ لى يۇڭ — تاڭ زامانىسىدىكى مەشھۇر شائىر، دۇفۇنىڭ زاماندىشى.

⑤ ۋاڭ خەن — تاڭ زامانىسىدىكى مەشھۇر شائىر، دۇفۇنىڭ زاماندىشى.

⑥ گۇڭ بېگىم — خەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن گۇڭ يۈنى كۆزدە تۇتقان. ئۇ ۋاڭ جى دېگەن كىشى بىلەن ياخشى دوست بولۇپ ئۆتكەن. كېيىن ۋاڭ جى ئەمەلدار بولۇپ ئورۇنغا كىرگەندە، گۇڭ يۈ ئۇنىڭ ئەمەلدار بولغانلىقىدىن بەكمۇ مەمنۇن بولغان. بۇ يەردە ئاپتور ۋۇي جىغا بولغان تەمەنناسىدىن بىشارەت بېرىدۇ. يۈەن شەن — كۆكزىنىڭ نامرات شاگىرتى.



## لەشكەردىي يۈرۈش توغرىسىدا نەزمە①

ھارۋىلار گۈلدۈرلىشىپ، ئاتلار چىپىپ كەلدى بويان،
سەپ تۈزۈپ سەپەرچىلەر يان ـ بېلىگە باغلاپ كامان.
ئۇزىتىپ كەلدى ئاتا ـ ئانا، كېلىن ماڭغانلىقىنى،
ئالدى شىيەنياڭ كۆۋرۈكىنى قوينىغا چاڭ ۋە تۇمان.②
ئېسىلىپ بىر ـ بىرىگە يولنى توسۇپ ئاچتى ھازا،
يىغا ـ زارغا پايلىماي سىلكىندى يەرۇ ئاسمان.
نېمە ئىش دەپ سورىدى يولۇچىلار سەپەرچىدىن،
جەڭگە ماڭدۇق دەپ، جاۋاب بەردى بىراۋ سۇرۇپ زۇۋان.
دېدى: ئون بەش ياشتا خۇاڭخې چېگىرىگە بارغانىدىم،
كەتتىمەن قىرىققىچە چېرىك بولۇپ، گاھى دېھقان.
جەڭگە — چېرىكلىككە تۇتۇلۇپ بارغىنىمدا ياش ئىدىم،
يانغىنىمدا ياقا يۇرتتىن بولدى ساچىم قارسىمان.
ياقا يۇرت بوسۇغىسىدا ئاقتى قان دېڭىز بولۇپ،
شۇندىمۇ نەپسى تاقىلىداپ تويمىدى زېمىنغا خان.
ئاڭلىغىن، تاغ شەرقىدە يۈزلەپ ۋىلايەت، ناھىيە،
چۆللىشىپ كەتتى تامام، مىڭلاپ يېزا بولدى خازان.
ئىشلىدى قاۋۇل ئاياللار يەر تېرىپ، ساپان يۆلەپ،
بەرمىدى ئاخىر كېلىپ يەرۇ زېمىن بىر تالمۇ دان.

تۇتتى چىنچۇەنلىكنى تىنماي جەڭگە بەرداش يۇرت بۇزدەپ،③
ئىت ـ ئېشەك ئورنىدا هايدالدۇق يېغىغا هەر زامان.
دېدى بىراۋ: هالىمىزنى قالدىڭىز سوراپ بېگىم،
دەردىمىزنى دادخاهلار بارمىدۇ ئاڭلايدىغان؟
باشقىنى دېمەي تۇراي، بۇ يىل مانا قىش كەلگىچە،
جەڭگە كەتكەنلەر تېخى يانماي تۇرۇپلا يۇرت ـ سايان؛
بىزنى قىستاپ كەلدى شەنگەن يامۇلىدىن غەللە دەپ،
بۇ سېلىقنى نەق تۆلەشكە ئەمدى بارغاي ئەل قايان؟
بەلكى ئوغۇل ئاپتۇچە، قىز تاپ، دېگەن سۆزراست ئىكەن،
بولمىسا، دەردۇ ئەلەمدە بولمىغاي باشلىق ئامان؛
قىز كېتەر يەتتە بويىغا ياقىغا ياتلىق بولۇپ،
قالىدىكەن ئەر ـ يىگىت يانتاق تۈۋىدە ئەيلەپ ماكان.
ئاشۇ كۆكنۇر بويىغا ئەگەر نەزەر سالغاندا سىز،④
چېلىقار ئەسىر بويى تۇپراقتا ياتقان ئۇستىخان.
شىر ـ شىر ئەيلەپ ياغسا يامغۇر ئاندا هاۋا بۇزۇلۇپ،
بىگۇنا ئۆلگەنلەرنى يىغلايدۇ دەك، تارتىپ پىغان!

① ئاپتور بۇ شېئىرنى تەخمىنەن مىلادىنىڭ 751 ـ، 752 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا يازغانلىقى مەلۇم. شۇ يىللاردا، تاڭ خاندانلىقىنىڭ سىياسىتى كۈندىن ـ كۈنگە چىرىكلىشىشكە قاراپ يۈز تۇتىدۇ. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، خۇددى ئاپتور مەزكۇر شېئىردا «ئەمما نەپسى بەك يوغىناپ تويمىدى زېمىنغا خان» دېگىنىدەك، تاڭ شۈەنزۇڭ (لى لۇڭجى) نىڭ



زېمىن ـ تۇپراققا بولغان ئاچكۆزلۈكى قاتتىق كۈچىيىپ كېتىدۇ ـ دە، ھۇدۇت ـ پاسىللىرىنى كېڭەيتمەك بولۇپ، هە دەپ لەشكەر تارتىپ ئۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ. تارىختا چوڭ ۋەقە هېسابلىنىدىغان تاڭ خاندانلىقى بىلەن يۈگنەندىكى نەنچاۋ هاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ـ جېدەللەرمۇ مانا شۇ جۈملىگە كىرىدۇ. دېمەك، مۇشۇنداق ھەققانىي بولمىغان ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن، خەلق ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالىدۇ ـ دە، ئۇرۇشتىن قاتتىق يىرگىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا نەپرەت بىلدۈرىدۇ. ئاپتور بۇ شېئىردا يۇقىرىدا ئېيتىلغان تارىخىي چوڭ ۋەقەنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىدۇ ۋە خەلقنىڭ يۈرەك سۆزىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. «نەزمە»قەدىمكى ئوردا ـ سارايلاردا قوللىنىپ كەلگەن بىر خىل شېئىرىيەت تۈرى، لېكىن ئاپتور بۇ شېئىرنى شۇ شەكىلگىمۇ ھەم مەزمۇنىغىمۇ باغلىنىپ قالماستىن، قوشاق شەكلىدە تەقلىد قىلىپ يازىدۇ.

② شيەنياڭ كۆۋرۈكى ـــ هازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى بولغان شىئەن شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. تاڭ زامانىسىدا چاڭئەندىن غەربكە ئۆتىدىغان مۇهىم ئۆتكەل بولۇپ كەلگەن.

③ چىنچۇەن ـــ شەنشى ئۆلكىسى ئەتراپىغا جايلاشقان بىر جاينىڭ ئىسمى.

④ كۆكنۇر ـــ هازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسى.

## ساھىبجامالار توغرىسىدا نەزمە ①

ئۈچ بولغۇن ئۈچىنچى ئايغا، خۇشچىراي ئاچتى ھاۋا، ②
خان سەنەملەر سەيلىگە خاس كەلدى دەريا بويىغا.
ھۆسنى رەنا، خۇلقى خىرام، كەيپى چاغ، سەۋرى راۋان،
ئەتلىرى نازۇك - نەپىس، بويلىرى گۈلدىن زىبا.
بەرق ئۇرار دۇردۇن - تاۋار لىباسىدا باھار ئەجەب؛
كى چېكىلگەن توز ۋە بابۇر نۇسخىسى ئەپچىل ئاڭا: ③
جىلۋە ئەتكەن نەكارامەت بېشىدا؟
چاقنىتار كۆزلەرنى - ياقۇت بەلكى سۇمبۇل چېچىدا.
نېمەدۇر ئول بەلدىكى ھېكمەت يانا؟
زەپ ياراشقان ئەۋرىشىم قەددىگە مەرۋايىت پوتا.

*

مۇشكى ئەمبەرلىك ھەرەمنىڭ جەد-جەمەدى بۇنداجەم، ④
مۆتىۋەر مەنسەپكە يەتكەن ماھى بانۇ بۇندا ھەم. ⑤
كەلتۈرۈلگەن پىشۇرۇپ زۇمرەت لېگەندە لوكىكلار، ⑥
ھەمدە بىللو تەخسىلەردە ئاق بېلىقۇ... بارچە تەم.
ئەمما كەلمەس بارغۇسى چىنتەخسىلەرگە چوكىنىڭ،
ئىشلىتىپ ئۇستام ھونەردىن قىلسىمۇ سەرپ شۇنچە پەم.



تېخى پاراجلار ياسايدۇ ئۈستى - ئۈستىگە تائام، ⑦
ئۇنى ئاغۋاتلار توشۇپ تىنماس يېنىك تاشلاپ قەدەم.
بۇندا ياڭرايدۇ ناۋا شەيتاننى شەيدا قىلغۇدەك،
ئولتۇرار ناز ئەيلىشىپ ئەشرەپ يېنىدا خان سەنەم. ⑧

*

كەلدى سۇگرە بىر ئاكابىر ئات چېپىپ ھەميان بىلەن، ⑨
كىردى بويلاپ زىلچىنى ھەرەمسىرى ئايۋان بىلەن.
ئۈچتى تۇرنا نەگىدۇ، چىشلەپ قىزىل رومالنى تىز، ⑩
پوتلىسى چۈشكەندە تالنىڭ چېقىشىپ رەيھان بىلەن. ⑪
كۆيدۈرەر قولۇڭنى غەزەپ ئوتىدا ۋەزىر چوقۇم، ⑫
قىل ھەزەر، ئاڭا يولۇقما زادى بار ئىمكان بىلەن.

---

① ئاپتور بۇ شېئىرىنى تەخمىنەن مىلادىنىڭ 753- يىللىرىنىڭ بىر باھار كۈنى يازغان. ئۇ چاغلاردا، تاڭ پادىشاھى لى لوڭجىنىڭ ئەزىز خانىشى ياڭيۈيخۇەن ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى ياڭ گوجۇن ھەم ئاچىلىرىمۇ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئالاھىدە ئىمتىيازغا سازاۋەر بولغان. ئاپتور ئۆزىنىڭ بۇ شېئىرىدا مانا شۇلارنىڭ دەريا بويىدا ئۆتكۈزگەن باھار سەيلىسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ چىرىكلىكىنى پاش قىلىدۇ.

② قەدىمكى خەنزۇ خەلقىنىڭ ئادىتى بويىچە كونا 3- ئاينىڭ 3- كۈنى كىشىلەر دەريا بويلىرىغا كېلىپ غۇسلى-تاھارەت قىلىپ، ئۆز گۇناھلىرىنى يۇيۇپ ئۆتىدىكەن.

كېيىنكى چاغلاردا بۇ ئادەت باھار سەيلىسىگە ئايلىنىپ قالغان.

③ بابۇر — قەدىمكى رىۋايەتلەردىكى بىر خىل مۈڭگۈزلۈك كېيىك. ئۇ خەنزۇ رىۋايەتلىرىدە بەخت-سائادەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىپ كەلگەن.

④ مۇشكى ئەمبەرلىك ھەرەم — خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، خۇا جاۋ (قارنى يورۇق)نى يانجىپ تالقان قىلىپ، ئۇنى لايغا ئارىلاشتۇرۇپ، ھۇجرا-ھەرەملەرنىڭ تاملىرىنى سۇۋايدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۆي ھەم ئىسسىق، ھەم پۇراقلىق بولىدىكەن. كېيىنكى چاغلاردا، خانزادە تۇرىدىغان جاي «مۇشكى ئەمبەرلىك ھەرەم» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ قالغان.

⑤ ماھى بانۇ — خاننىڭ ياڭ يۈيخۇەننىڭ ئاچىلىرى كۆزدە تۇتۇلغان. پادىشاھ لى لۇڭجى ياڭ يۈيخۇەننىڭ چوڭ ئاچىسىغا خەنگو بانۇ، 3 - ئاچىسىغا گوگو بانۇ ۋە 8 - ئاچىسىغا چىنگو بانۇلۇق مەرتىۋىلىرىنى بەرگەنىكەن.

⑥ لوككا — تۆگە لوككىسىنى دېمەكچى. شۇ زامانلاردا تۆگە لوككىسى ئەڭ ئېسىل تائاملار قاتارىدا ئىستېمال قىلىنىپ كەلگەنىكەن.

⑦ پاراچ — پادىشاھ ۋە ئاق سۆڭەكلەر ئۈچۈن مەخسۇس تائام تەييارلايدىغان ئاشپەز.

⑧ ئاكا بىر-ئەشرەپ — يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئەمەلدارلار.

⑨ ھەميان — چەندازا، پورتمال، مۇلازىم،ھەمراھ مەنىسىدە بولۇپ، بۇ يەردە مۇلازىم ياكى ھەمراھ مەنىسىدە ئېلىندى.

⑩ تۇرنا — رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇ قۇش بېتىش



ئانا (شۇاڭخو)نىڭ مۇلازىمى بولۇپ، ئۇ بېتىش ئانا خەن پادىشاھى خەن ۋۇدى بىلەن ئۇچراشقاندىن بۇرۇن ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزۈپ بەرگەنىكەنمىش. كېيىن خەۋەرچىنىڭ مەخسۇس لەقىمى بولۇپ قالغان. قىزىل رومال — ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تاڭ زامانىسىدىكى مەرتىۋىلىك ئاياللارنىڭ باش زىننەت بۇيۇمى بولۇپ، ئۇ يەرگە ئۇچۇپ چۈشۈپ كەلگەندە قۇش ئېلىپ قاچقانىكەن. بۇ يەردە ياڭ گوجۇننىڭ ماھى بانۇلار بىلەن بولغان خۇنۇك مۇناسىۋىتى كۆزدە تۇتۇلغان.

⑪ تال پوتلىسى — بۇ سۆز بۇ يەردە قوش مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. تال — خەنزۇچە (扬) دېگەن مەنانى بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ياڭ گوجۇن جەمەتىگە قارىتىلغان مەسخىرىلىك گەپ.

⑫ ۋەزىر — بۇ يەردە ئوڭ قول ۋەزىر ياڭ گوجۇن كۆزدە تۇتۇلغان.

# چېگرىدا سەپەر ناخشىسى ①

(توققۇز شېئىر)

1

ئايرىلىپ يۇرتتىن ئەجەب چەكتىم پىغان،
ماڭغىنىمدا چۆل كېزىپ يارغول سايان.
بەردى يامۇل بېكىتىپ مەنزىل، سۇرۇك،
ئۇنى بۇزساڭ قالمىغاي جانىڭ ئامان.
يەتكۈدەك بولغاندىكىن زېمىن تولۇق،
ئالسا بولمامدۇ يىغىپ نەپسىنى خان؟
يەرگە ئۇردۇم ئاتا - ئانامنىڭ شەپقىتىن،
سەپتە يۈتۈپ بارىمەن ئىچىمگە قان!

2

چىقىلى يۇرتتىن ماڭا بولدى ئۇزاق،
ئۆزگىگە بولماي بوزەك كەلدىم يىراق.
تۇرسىمۇ ھەردەم مېنى ئۆلۈم كۈتۈپ،
كەتمىدى قوۋمىم ئوتى دىلدىن يىراق.



نە يۈگەن، نە نوختا سالماي ئاتقا مەن،
چاپتۇرۇپ تېز جەڭگە كىردىم ياۋىداق.
گاھى ئۆتتۈم تىك - ئېگىز ھاڭدىن ئۇچۇپ،
تۇغ يۇلۇشنى ئېگىشىپ دەيلەپ سىناق.

3

ئولتۇراتتىم تىغ بىلەپ ئويغا پېتىپ،
تېلىقىپ ئېگرايدۇ سۇ نالە قىلىپ.
قارىسام سۇغا كېتىپتۇ قان بولۇپ،
شۇندا سەزدىم ئاپتىمەن قولنى كېسىپ.
ئەل ئۈچۈن تۇغۇلۇپتىمەن، بەس، ئەر بولۇپ،
دىلنى ئۆرتەپ نە قىلاي ھەسرەت چېكىپ؟
قالغۇسى بابۇر راۋاقتا شۆھرىتىم،②
مەيلى كەتسۇن سۆڭىكىم جەڭدە چىرىپ.

4

ماڭدى سەرۋەر جەڭ ئارا يالاپ مېنى،
نەكى يالاپ يول بويى خارلاپ مېنى؛
خاھ ئۆلەي، خاھ تىرىلەي ماڭدىم مانا،
كايىما بېگىم تولا چارلاپ مېنى.
يولدا يولۇقسا تونۇش، نامە پۈتۈپ،
يوللىدىم، سېغىنىپ جېمى تۇغقانلىنى.

ۋاھ دەرىخ، ئۆيدىن تامام بولدۇم جۇدا،
دەردكە دەرمان بولغۇدەك قوۋۇم قېنى؟

5

كەلگىنىمدە مەن ئۇزاق يولنى بېسىپ،
مۇنتەزىم لەشكەر ئارا قويدى قېتىپ،
كى قوشۇنىنىڭ ھالىنى، ئاچ .. توقىنى،
تۇرىدۇ سەركەردىلەر دەمسەن بىلىپ.
نېرىقى ئاشنا بىر سۈرۈك غۇز لەشكىرى،
ئۆتتۈشەر ھەر يانغا تېز .. تېز ئات چېپىپ،
مەڭگى قول بىچارىنىڭ شان .. شۆھرىتى،
قالىدۇ دەمسەن پۈتۈككە يېزىلىپ؟

6

يانى تارت، كۈچلۈكنى تارت، قاۋۇلنى تارت،
ئوق ئۈزات، بويلۇقنى ھەم تاللاپ ئۈزات.
ياۋنى تۇت، بىلىنىڭ ئاۋۋال سەردارنى تۇت،
چەنلىسەڭ ئادەمنى نەق ئانىنى ئات.
ھەرنە ئەلدە ئۆزىنىڭ پاسىلى بار،
بىھۇدە ئادەم قىرىشتىن نە مۇراد؟
شۇ ئاجاۋۇزلۇق مەرگەر كىم توختىسا،
ئەل ئالاپەتتىن بولاتتى ھۇر .. ئازاد.

7

ماڭدى لەشكەرلەر ئىتتىنى قامچىلاپ،
قارىشۇرغان ئىچىدە تاغ ياقىلاپ.



قالدى بارماقلار چۈشۈپ يولدا ئۈشۈپ،
ئۆرلىگەندە مۇز قوچۇپ، يەر تاتىلاپ.
كەتتى ئاي بۇندىن يىراق-يىراق ئۆزۈپ،
بىز سىپىلنى بولسىمىز قاچان ياساپ؟
بارىدۇ جەنۇب سايان كەچكى بۇلۇت،
باققىنىمچە كېيىندىن قالدىم قاراپ.

8

ئەگرى قۇت لەشكەرلىرى قىلدى ھۇجۇم،
باستى جاھاننى گويا بوران ۋە قۇم.
كى قىلىچۋازلار ئېلىشتى نەچچە رەت،
يېڭىلىپ ياۋ قاچتى سۆگرە بولدى ئۇم.
قولغا ياۋ سەردارى چۈشتى، بولدى ئەل،
بولدى ئارتۇق بېشى ھەم پوستى تۇلۇم.
ئەقلاي سۆزلەپ ئېرىقچە غەلبىنى،
سەپكە جىم ياندىم، تامادا بولمۇدۇم.

9

ئاكى لەشكەرلىكتە ئۆتتى ئون يىلىم،
يوق دېيىش مۇمكىنمۇ قىلچە خىزمىتىم؟
ئۆگە دەيدۇ باشقىلار ئېرىقنىمۇ،
ماختىنىشقا مەنمۇ تەڭ كۆيدى تىلىم.

ئورتىلىقتا پۈتمىدى جەڭ ۋە جېدەل،
دى ۋە رۇڭ③ يۈرمەمدۇ ھېچ بەرمەي تىنىم؟
تاشلا ئالەمگە نەزەر بولساڭ يىگىت،
بولما مەردلىك ئالدىدا روھىي يېتىم!

① چىگىرىغا سەپەر ناخشىسى — بۇ شېئىر مىلادىنىڭ 752 – يىللىرى يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا بىر لەشكەرنىڭ تىلى ئارقىلىق شۇ چاغنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەينى زاماندا، ئاپتور ئۆزىنىڭ ئۇرۇشقا بولغان كۆز قارىشىنى بايان قىلىدۇ. «چىگىرىغا سەپەر ناخشىسى» ئەسلى ئوردا مۇزىكىسىنىڭ نامى بولۇپ، ئۇنىڭدا چېگرا ئۇرۇشىدىكى تۇرمۇش تېما قىلىنغان ھالدا ھەربىي مارش بايان قىلىنغان. كېيىن ئۇ شېئىرنىڭ بىر خىل ژانىرى بولۇپ قالغان. «يەنە چېگرىغا سەپەر ناخشىسى» مۇ مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

② بابۇر راۋاق — خەن زامانىسىدا پادىشاھ ئۆزىنىڭ تۆھپىدارلىرىنىڭ شەرىپىگە سالغۇزغان مەخسۇس راۋاق بولۇپ، ئۇنىڭ تاملىرىغا تۆھپىدارلارنىڭ مەرتىۋىلىرى بويىچە سۈرىتى سىزىلىپ، نامى يېزىلىدىغان بولغان.

③ دى، رۇڭ — شۇ زاماندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نامى.



# يەنە چېگرىغا سەپەر ناخشىسى ①

(تۆت شېئىر)

1

تۇغۇلۇپ يەتسە يىگىت قۇرامىغا،
ئاتلىنىپ تېز سەپكە سەردار بولغۇلۇق.
تۆھپە قوشماي بىر ئۇلۇش جەڭلەر ئارا،
نېمە پايدا يۇرتتا جىم ياتساڭ قۇرۇق؟
ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغانمىش قوشۇن،
جەڭ ئۇچۇن جەمپىڭغا تېزدىن بارغۇلۇق.
ئات – ئىگەر، شەمشەر – غىلاپ ئالدىم سېتىپ،
مىڭلىغان ئالتۇن – كۈمۈش خەجلەپ تولۇق.
ئۆزىتىپ كەلدى قولۇم – قوشنام مېنى،
يار – بۇرادەر، قوۋم – قېرىنداش بار ئۇرۇق.
ئولتۇرار يۇرت چوڭلىرى تۆرگە چىقىپ،
ماڭا دەپ راسلاپ شاراب، ئاش ۋە ئوزۇق.
تەڭ دېمەتلەر ئايرىلىش چاغدا مېنى—
قىلدى خوش، تۇتتى قىلىچنى سوۋغىلىق.

2

بىز كىرىپ شەرقىي قوۋۇقتىن تاڭ سەھەر،
كەچتە خىيالىڭ كۆۋرۈكىن تۇتتۇق ماكان.
كەچكى كۈن نۇرىدا تۇغ جەۋلان قىلار،
كىشنىشەر ئاتلار، شامال ھۇۋلار يامان.
چۈشتى تۈزلەڭلىككە چىپ مىڭلاپ چېدىر،
ياتتى لەشكەرلەرمۇ جىم سۈرمەي زىۋان.
ئاي يۈرەر كۆكتە ئۆزى يالغۇز ئۈزۈپ،
ئېيتقۇسىز سۈر ئىچىدە قالدى جاھان.
چېلىنار مۇڭ ياغدۇرۇپ كانايمۇ گاھ،
كى بېغىشلاپ مەردلىگە غەم ۋە پىغان.
كىمدۇ لەشكەرلەر بېشى دەپ سورىساڭ،
دەيدۇ: خوجىبېك بولۇر ئۇ بىگۇمان.②

3

ئۆزئارا پاسىلىغا تېگىشمەيتتى ئەل،
تۆھپىكارلار نەپنى دەپ بۇزدى بۇگۈن.
قەھرىمان چاغلاپ ئۆزىنى خان ھامان،
تارتتى قوشنا ئەللىگە سانسىز قوشۇن.
ئالدى ئالەمنى يىغىپ ئىلكىگە ئۇ،
قالدى ياتلاركى يېتىم، قىسىپ بويۇن.
چۈشتى جەڭگە ئارسلانلار ئېتىلىپ،
بولمىغانتى بۇنچە غەيرەتتە بۇرۇن.



چۆلنى ياپتى تىغ - قىلىچنىڭ سايىسى،
ئولجا ئېلىپ غۇز ئاتلىرىنى كۈنمۇ كۈن.
ئاتنى ئىچىپ سەردار شىمالغا ئالدى يول،
يەر - زېمىننى كەڭرىتىشكە خان ئۈچۈن.

4

غۇز ۋە تاڭغۇت ئۈستىدىن قۇچتۇق زەپەر—
دەپ، كېلەر جەڭدىن ئۈزۈلمەي خۇش خەۋەر.
نەي ۋە دۇمباق ياڭرىدى يۈيياڭدا بەك،
قۇتلىشىپ پالۋاننى شامۇ سەھەر.
ئۈزۈشۈپ دېڭىزدا ئاق بۇلۇت كەبى،
كېمىلەر ئاشلىق توشۇپ بۇندا كېلەر.
تېخى كۆزنى چاقنىتىپ رەڭدارلىقى،
توشتى لىق دۇردۇن - تىلاۋارغا ھەم شەھەر.
كەتتى سەردار - بەگلىنىڭ ئورنى ئۆسۈپ،
خورىكى ئاستانىنى بېسىپ چۈشەر.
بۇنى سۆزلەش بەندىنىڭ ھەددى ئەمەس،
سۆزلىگەنىنىڭ تىل بىلەن بېشى كېتەر.

①بۇ شېئىرنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىمۇ «چېگرىغا سەپەر ناخ-
شىسى» بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىدۇ. لېكىن بۇنىڭدا ئوخشاش-
مايدىغان يېرى شۇكى، شېئىرنىڭ باش قەھرىمانى ئادەتتىكى

پۇقرادىن لەشكەر بولغان ئادەم ئەمەس، بەلكى ئەمەلدار بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن شەخستىن ئىبارەت، شۇڭا ئۇنىڭ ئىپادىلىگەن ئىدىيەۋى ھېسسىياتى ئالدىنقى شېئىردىكى شەخسنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتىغا زادىلا ئوخشىمايدۇ.

② خوچۇيىڭ — خەن زامانىدا ئۆتكەن مەشھۇر ھەربىي سەركەردە خوپياۋىياۋ.



## ئاستانىدىن فۇڭشەن ناھىيىسىگە قىلغان سەپەر ئۈستىدىكى تەسىراتىم①

چوڭ بولۇپ كەلدىم دۇلىڭدا بۆز كىيىپ،
كەتتى چوڭ بولغانسېرى ئەقلىم يېنىپ.

جى بىلەن شيغا ئۆزۈمنى تەڭ قويۇپ—②
كەپتىمەن، ھەددىن تولا ئەخمەق بولۇپ.

ئات ئۇلۇغ، سۇپرام قورۇق كەلدىم مانا،
چاچ ئاقاردى، يۈرىمەن تارتىپ جاپا.

ئايرىلار ئۆلگەندە كىم ھەق، كىم ئەمەس،
دەپ ئىدىم، مەقسەتكە يەتمەك بولدى تەس.

يىل بويى پۇقرا ئۈچۈن كۆپ غەم يېدىم،
ئۆرتىنىپ دەرد ئوتىدا كۆيدى دىلىم.

توۋا دەپ، تەڭداشلىرىم قىلدى مازاق،
ياڭرىتىپ ناخشامنى مەن كەلدىم بىراق.

ئويلىدىم دېڭىز ئارا كەتمەك بولۇپ،
ئۆزجېنىمنى ئاندا جان ئەتمەك بولۇپ.

قىيمىدىم خاندىن بىراق رىشتەمنى مەن،
بىر يولىلا ئايرىلىپ كېتىشكە مەن.

بارئىدى ئاقىل ـ زەكىلەر ئوردىدا،
ئىش بىلەر ئەركان ـ نەبىلەر ئوردىدا.

خانغا مەن ئاپتاپپەرەستەك تەلپۈنۈپ،
قاپتىمەن تۇغما خۇيۇمغا گول بولۇپ.

بايقىسام، چۈمۈلە ـ قۇرت چېغىدا،
كۆرىدىكەن كۈنىنى ئۆز ئىنىدا.

غىمسىنىپ لەھەڭگە مەنمۇ نە قىلاي؟
بەھرىدىن چىققايمۇ ماڭا خالى جاي؟

ئەمدى مەن ئەقلىمگە كەلدىم يول تېپىپ،
سەت ئىكەن تامادا يۈرمەك جان بېقىپ.

كەپتىمەن مېھنەت چېكىپ بۆگۈنگىچە،
خاك بولۇپ كەتسەم ئۆلۈپ ئارمان نېمە؟



ئىككى دەرۋىش ئالدىدا قىسقا تىلىم،③
تەۋرىسمەس ۋىجدانىمنى دورالمىدىم.

مەي بىلەن ئۆتتۈم كۆڭۈلنى پەپىلەپ،
ناخشا توۋلاپ دەردنى شادلىققا يۆلەپ.

پۈتتى يىل، بولدى غازاڭ گىيا ـ چېچەك،
چىقتى بوران تاغنى ئۈچۈرۈپ كەتكىدەك.

يولىنى ئاستانىنىڭ باستى تۇمان،
شۇل كېچە بولدۇم چىقىپ يولغا راۋان.

سوغ ـ جۇدۇن دەستىدە تەن ـ ئاياغلىرىم،
قانتى تاشتەك كۆيۈشۈپ بارماقلىرىم.

تاڭدا لىشەن تېغىنى ئۆتتۈم داۋاپ،①
تىك تۇرار خانلىق ساراي تاغ باغرىلاپ.

قوينىنى كۆكنىڭ تۇمان، جۇت قاپلىغان،
بارىمەن بويلاپ ئىدىر تېپىلىپ ئاران.

چىقىدۇ ئارشاڭ تەرەپتىن ھۆر- مانان،[5]
ئاندا توپ - توپ يۆرىشەر خاس پاسىۋان.

خان - ۋەزىرلەر ئەيش - ئىشرەتتە بۈگۈن،
بۇندا ياڭرار نەغمە - ناۋالار پۈتۈن.

كى ئاكابىرلارغا خاس ئارشاڭ تامام،
بولمىقى بۇندا گادايىنىڭ، بەس، ھارام.

ئۈستىگە كىيگەن ناۋار تونىنىڭ بەرى،
ئاجىزە، مەزلۇملىنىڭ ماڭلاي تەرى.

ئېرى قالسا قانچە قامچا زەپتىدە،
شۇنچە بايلىق ئاقتى خانلىق خەزىنىگە.

قىلدى توپ - توپ مالنى ئىنئام بەگكە خان،
قىلىمەن دەپ يۇرتنى گۈل، ئەلنى ئامان.

يەتمىدى خان كۆڭلىگە بەگلەر تولۇق،
خەزىنىدىن بايلىق ئېقىپ كەتتى قۇرۇق.

شۇنچە كۆپ ئەرباب يىغىلغان ئوردىغا،
كۆيمىگەن بىرەرى ۋىجدان ئوتىدا.



ئاڭلىسامكى، بارچە خاس ئالتۇن - كۈمۈش،
ۋېي ۋە خو ئىلكىگە نەق ئۆتكەنمىش.[6]

ھۆر - پەرى قىزلار بىلەن ئويناپ ئۇسسۇل،
نازىنىن ئۇزلار بىلەن خۇشلاپ كۆڭۈل؛

كېيىشىپ ئارس ۋە بۇلغۇندىن چاپان،
يېيىشىپ مەززىلىك تائام — تۆگمتاپان.[7]

ئولتۇرار ساز پەيزىگە كىم غەرق بولۇپ،
شەربەتنى بال يەل - يېمىشكە غىق تويۇپ.

زۇگلى چوڭلار ئاشنى تۆكسە سىپىستىپ،
شور ئىلىكلەر ياتىدۇ يولدا قېتىپ.

شۇنچە پەرقلىق بولىدىكەن باي - گاداي،
ئاھ دەرىخ، سۆزلەپ يەنە مەن نە قىلاي!

يول ئېلىپ جىلڭ، ۋۇيغا كەتتىم يۇقىرى،[8]
قاپتۇ كەلسەم ئۆزگىرىپ خانلىق يولى.

كۈنپېتىشتىن مۇز كېلەر سۇدا ئېقىپ؛
بىپايان ئۆركەش ياساپ ئۇرۇپ - چېقىپ.

دەپتىمەن كەلدى ئېقىپ كۈكتۈك تېغى،[9]
ياكى ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكەن چېغى.[10]

شۈكرى، كۆۋرۈك تۇرىدۇ ئېسەن - ئامان،
كى تېرەككە پايلىماي لىڭشىپ ئاران.

سۇ ئۇلۇغ، دەريامۇ كەڭ، كۆڭلۈمدە غەم،
يۆلىشىپ يولۇچىلار ئۆتتۇق شۇ دەم.

قالدى يات يۇرتتا كۆچۈم سەرسان بولۇپ، ①
كەتتىمىز ئون جان كىشى ۋەيران بولۇپ.

ئەمدى يۈرەيمۇ ئۇزاق جاھان كېزىپ،
ئاچ ۋە توق دەردىنى تەڭ كۆرمەي بىرىپ.

كىرىشىمگە ئۆيدە باشلاندى ھازا،
يوقچىلىقتىن بىر بالام تاپقاچ قازا.

يىغلىماي تۇرالمىدىم دەردكە چىداپ،
تۆكتى ياش قوشنام كىرىپ ماڭا قاراپ.

ئاھ ئىست، قېنى ئاتا بولغانلىقىم؟
ئەلگە پەرزەنتىمنى ساق تۇتقانلىقىم؟

كەلسە كۆز بۇ يىل بولۇپ مول توقچىلىق،
نە ئۈچۈن نامراتقا كەلدى يوقچىلىق؟



باج - سېلىق ئالۋاڭ تۆلەشتىن خالى مەن،
لەشكىرى بۇرچۇم ئۆتەشتىن خالى مەن.

مەن چىغىمدا شۇنچىلا چەكتىم جاپا،
قانچە دەرد كەلگەندۇ پۇقرا بېشىغا؟

كەلدى يادىمغا شۇئان سەر سانىلەر،
چېگرىنى ياتقان بېقىپ بىچارىلەر.

تاغ بولۇپ باستى بېشىمنى غۇسسە - غەم،
غەرق بولۇپ غەم - بەھرىگە چۆكتۈم شۇ دەم.

① ئاپتور بۇ شېئىرىنى تاڭ شۈەنزۇڭ - لى لۇڭجى زامانىسىنىڭ تەنباۋ 14 - يىللىرى (مىلادىنىڭ 755 - يىللىرى) قىش پەسلىدە، ئاستانە چاڭئەندىن فۇڭشەن ناھىيىسىگە ئۆز ئائىلىسىنى كۆرگىلى كېتىۋېتىپ يول ئۈستىدە يازغانلىقى مەلۇم. بۇ چاغ، ئەن لۇشەن (ئۆگلىك) نىڭ فەنياڭ شەھىرىدە ئىسيان كۆتۈرگەن ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، بۇ خەۋەر تېخى ئاستانە چاڭئەنگە يېتىپ كەلمىگەن، لى لۇڭجى ۋەكىللىكىدىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى بۇ ۋەقەدىن بىخەۋەر لىشەن تېغىدا ئەيش - ئىشرەتلىك ئۆمۈر سۈرۈۋاتقانىدى. شائىر خەلق بېشىغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ بالايىئاپەتنى ئازدۇر - كۆپتۇر ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن، تاڭ خاندانلىقىنىڭ چىرىكلىشىپ كەتكەن ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئۆز شېئىرىدا بىر قەدەر چوڭقۇر پاش قىلىدۇ. بولۇپمۇ

ئۇنىڭ شېئىرىدىكى: «زۇگلى چوڭلار ئاشنى تۆكسە سېسىتىپ، شور ئىلىكلەر ياتىدۇ يولىدا قېتىپ» دېگەن مىسرالىرى ئېكسپىلاتاتورلار هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئې-چىنىشلىق پاكىتلىرىنى روشەن تەسۋىرلەپ، ئىككى سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىقنى ناهايىتى ئوبرازلىق ۋە چوڭقۇر كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق شېئىرلار قەدىمكى شا-ئىرلارنىڭ شېئىرلىرىدا ناهايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. لېكىن شۇ-نىمۇ ئېيتىش كېرەككى، سىنىپ ۋە دەۋر چەكلىمىسى، تۈپەيلىدىن، ئاپتور بۇ شېئىرىدا ئۆزىنىڭ خانغا بولغان ئەقىدىسىنى، سادىقلىقىنى هەتتا پادىشاھ لى لۇڭجىغا يان بېسىش ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان مىسرالاردىنمۇ خالىي بو-لالمايدۇ.

② جى، شې - ياۋشۇن زامانىسىدا ئۆتكەن رىۋايەتتى-كى ئىككى دانىشمەن. جى — يېزا ئىگىلىكىنىڭ، شې — مائا-رىپنىڭ پىرلىرى ئىمىش.

③ ئىككى دەرۋىش — جاۋفۇ بىلەن شۆ يۈلارنى كۆز-دە تۇتىدۇ. بۇلارنىڭ هەر ئىككىلىسىلا رىۋايەتتە ئۆتكەن ئالىيجاناب شەخسلەر.

④ لىشەن — شىئەن شەھىرىدىن 60 يول يىراقلىقتىكى بىر تاغنىڭ ئىسمى. ئۆز ۋاقتىدا، پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ-نىڭ قىشلىق سارىيى مۇشۇ تاغدا بولۇپتىكەن.

⑤ ئارشاڭ — لىشەن تېغىدىكى خۇاچىڭگۇڭ ئارشىڭىنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇ پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ خانىشى ياڭ گۈيفېي ئۇچۇن مەخسۇس سېلىپ بەرگەن ئارشاڭ.

⑥ ۋېي، خو — خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن



ۋۇدىنىڭ شىرەم تۇغقانلىرى. ئاپتور بۇ يەردە بۇ مىسرا-لارنى تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ قېيىن ئاغىسى ۋە ئوڭ قول ۋەزىرى ياڭ گوجۇڭگە دارىتمىلاپ ئۆتىدۇ.

⑦ تۆگىتاپان — تاڭ دەۋرىدە تۆگىتاپىنى ئېسىل تائاملار قاتارىدا ئىستىمال قىلىنىدىكەن.

⑧ جىڭ، ۋۇي — جىڭسۇي ۋە ۋۇيخې دەرياسى، بۇ ئىككى دەريا شەنشى ئۆلكىسىدە بولۇپ، ۋۇلىڭتۇڭ ناهىيى-سىگە كېلىپ قوشۇلىدۇ.

⑨ كۇڭتۇڭ تېغى - گەنسۇ ئۆلكىسى مىڭشەن ناهىيىسى-دىكى بىر تاغنىڭ ئىسمى.

⑩ قەدىمكى رىۋايەتتە بۇ جۇشەن ناملىق بىر تاغ بولغانىكەن، ئۇ تاغ ئاسماننى تىرەپ تۇرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرى، گۇڭ گۇڭ ناملىق بىر پالۋان جۇەن شۈي نامىلىق بىر پادىشاھ بىلەن ئۇرۇشۇۋېتىپ، قاتتىق غەزەپكە كەپتۇ - دە، بېرىپ بۇجۇشەن تېغىغا شۇنداق ئۈسۈپتىكى، ئۇنىڭ زەپتىدە تاغ غۇلاپ، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتىدەك. ئاپتور بۇ يەردە بىر - بىرىگە ئۆرۈلۈپ - سو-قۇلۇپ كېلىۋاتقان مۇز پارچىلىرىنى ئەنە شۇ رىۋايەتتىكى ۋەقەگە تەقلىد قىلىپ تەسۋىرلىگەن.

⑪ كۆچۈم — ئايالىم، خوتۇنۇم مەنىسىدە.

## شاراب ناخشىسى ①

تۆرىلەر تۆرنى ئىگەللەپ، ئالدى يۇرتقا بەگ بولۇپ،
بىرلا جىن چيەن چەتتە قالدى قايرىلىپ دەردكە تولۇپ.
مەي-تائامدىن كېكىرىپ ئويناشسا بەگلەر ئوردىدا،
ئۆتتى بۇ زاتنىڭ كۈنى گاھ ئاچ قېلىپ، گاھى تويۇپ.
كى ئىلىم بابىدا بۇزات چۈشسەشىن خۇاڭنى بېسىپ، ②
كېتىدۇ چۈيىيۈەن بىلەن سۇڭيۈينىمۇ پەستە ئوزۇپ. ③
ئەردەم، ئەخلاق كۆمۈلۈپ ئەخلەتتە ياتسا بىر ئۆمۈر،
نە كېرەك نامىڭنى مەڭگۈ قويغىنىڭ تاشقا ئويۇپ؟!
ئالغىنىم كۈندە مېنىڭ خان سېڭىدىن بەش شىڭ گۈرۈچ،
كېلىمەن جىن لاۋنى يوقلاپ، مۆكىدىشىپ دەم ئولتۇرۇپ.
تېپىۋالساق ئىككى پۇل تەڭ ئىزدىشىپ،
ئىچىمىز مەي بەخۇدۇك جام تولدۇرۇپ؛
مەيگە كۆتۈرۈشلۈك ئۇ زات مەندىنمۇ بەك،
ئۆزئارا ھۆرمەت قالاتتى ئۇنتۇلۇپ.
تۈن سۈكۈتتە، ئولتۇراتتۇق شام تۈۋىدە مەي ئىچىپ،
ياغدى باھار يامغۇرى گۈللەرنى لەپ-لەپ تۇزۇتۇپ.
تۇۋلىشىپ خوي ناخشا ئېيتتۇق جىمىغا تەسىر قىلغۇدەك،
ئويلىمايتتۇق ساق قېلىشنى بىز ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ!



ئۆزىنى ئاتقان ئەمەسمۇ ئۆگزىدىن ئۆلسىما زىيۈن. ④
ئۆتتى شاكرۇنىڭ كۈنى مەيخانىدا قاچا يۇيۇپ. ⑤
مەن كېتەي،ــدەپ، ــ سەنمۇ جىن لاۋ يازشېئىر بولماھايال،
ئېتىز-ئېرىق، باغ-ۋارانىڭ قالمىغاي چاڭقاپ قۇرۇپ.
موللىلىقنىڭ ھېكمىتىدىن نېمەنەپ ئالدۇق تۈزۈك،
كۈڭزىمۇ، بۇلاڭچىمۇ ياتمامدۇ بىردە خاك بولۇپ؟
بولمىسۇن كۆڭلۈك پەرىشان پەيزىيوق ناخشامغىمۇ،
بىز تېخى ئۆلپەتلىشەرمىز كەتمىسەكلا تەڭ ئۆلۈپ!

---

① بۇ شېئىر مىلادىنىڭ 754 - يىلى باھار پەسلىدە يېزىلغان. جىن چيەن دۇفۇنىڭ ئەڭ ياخشى دوستى بولغان. ئۇ ئۆز زامانىسىدا شېئىر، ھۆسنخەت ۋە گۈزەل سەنئەتتە قالتىس داڭ چىقارغان شەخس بولسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمرانلارنىڭ قىلچە نەزىرىگە چۈشمىگەن. ئاپتور بۇ شېئىرىدا ئۆزلىرىنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى ھاراق - شاراب بىلەن يۇغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ.

② شىن خۇاڭ — قەدىمدە يۇرت سوراپ داڭ چىقارغان پادىشاھلارنىڭ بىرى.

③ چۈيىيۈەن — ئۇرۇشقاقلار دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر شائىر؛ سۇڭيۈي — چۈيىيۈەننىڭ شاگىرتى، داڭلىق نەزمىچى.

④ زىيۈن — شۇ دەۋرنىڭ كاتتا شائىرلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئۆز گۇناھىدىن قورقۇپ ئۆگزىدىن ئۆزىنى تاشلىۋالغاندا تىرىك قالغان.

⑤ شاكرۇ — غەربىي خەن دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى. كەمبەغەللىكتىن مەيخانا ئېچىپ كۈن كەچۈرگەن.

## ئايدىڭ كېچە①

بۇ كېچە قۇجۇدىمۇ چىققاندۇ ئاي،
يارمۇ يۈرگەندۇ يىگانە ئۇخلىماي.
تېخى ئويناپ يۈرىدىغاندۇ بالىلىرىم،
بار ئاتام چاڭئەندە دەپمۇ ئويلىماي.
زۇلپىغا شەبنەم تۆكۈپ يارنىڭ شۇ دەم،
ئاي قىلىپ قويغانمىدۇ سۇلغىن چىراي؟
ئولتۇرۇپ پەردە ئارا تەڭ ئىككىمىز،
ئاينى تاماشا قىلارمىز قايسى ئاي؟!

① مىلادىنىڭ 756 ـ يىللىرى 7 ـ ئايلاردا، يەنى ئەنلۇشەن (ئۆگلىك) ئاستانە چاڭئەن شەھىرىنى ھۇجۇم قىلىپ ئالغاندىن كېيىن، تاڭشۇەنزۇڭنىڭ ئوغلى — خانزادە تاڭسۇزۇڭ (لى خېڭ)، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لىڭۋۇ شەھىرىدە دادىسىنىڭ ئورنىغا خان بولۇپ تەختكە چىقىدۇ. ئەنە شۇ مەزگىلدە دۇفۇ ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ھازىرقى فۇشەن ناھىيىسىگە قاراشلىق قۇجۇ دېگەن جايغا ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى سالتاڭ لىڭۋۇغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. بىراق، ئۇ يېرىم يولغا كەلگەندە، ئەنلۇشەن قوشۇنىدىكىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ ـ دە، ئۇنى چاڭئەن شەھىرىگە ئېلىپ كېلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ. ئاپتور بۇ شېئىرىنى ئەنە شۇ تۈرمىدە ياتقاندا ئۆيىنى سېغىنىپ يازىدۇ.



## باھار زوقى①

كەتتى تەخت قولدىن، دىيار قالدى يەنە،
بۈككىنە باستى شەھەرنى گۈل ـ گىيا.
ھۆسنى گۈلنىڭ بۇزدى كۆڭلۈمنى ئەجەب،
قۇش ناۋاسى ئەيلىدى دىلنى يارا.
جەڭ ئوتى ياندى ئۇدا ئۈچ ئايغىچە،
كەلدى مىڭ تىللاغا خەت ياردىن گويا.
سانچىغۇچ تۇرماس بولۇپ قالدى تۈزۈك،
ئاق چېچىم شالاڭلىشىپ بارا ـ بارا.

① دۇفۇ مىلادىنىڭ 756 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىسيانچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ، تۈرمىدە خېلى ئۇزۇن ۋاقىت يېتىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەمىلى ئانچە چوڭ بولمىغانلىقتىن، ئۇ تۈرمىدە ئۇزۇن تۇتۇپ تۇرۇلمايدۇ. ئۇ بۇ شېئىرىنى ئەنە شۇ چاغلاردا يازغان.

## يۈرەك سۆزى ①

شەھىرى تۇڭگۇەنمۇ كېتىپ قولدىن تامام،
كەلمىدى ئۆيدىن ئۇچۇر تالاي زامان.
ياز كېلىپ باسقاندا يەرنى ئوت - گىيا،
يول ئېلىپ قاچتىم بەدەر مەغرىب تامان.
پۇتتا كەندىر كەش، ئۇچام جۇل - جۇل ئىدى،
قىلدى قوبۇل مېنى شۇ تۇرقۇمدا خان.
ئوردا ھەم دوستلار ئىچىندى ماڭا بەك،
كەپتۇ دەپ گۆر ئاغزىدىن ئېسەن - ئامان.
ئىلتىپات قىلغاندا ماڭا مەرتىۋە،
ئاقتى كۆز يېشىم تاراملاپ شۇ زامان.
كەلدى بارغۇم زەپمۇ يۇرتۇمغا مېنىڭ،
يوق، بىراق تىل شۇ ئويۇمنى دەيدىغان؛
نامە ئىۋەتىپ سوراپمۇ دەپ ئىدىم،
بارمىدۇ ئۆي، يوقمىدۇ، ماڭا گۇمان.
ئاڭلىسام، يۇرتۇمدا يېغى بوپتىدەك،
تا توخۇدىن ئىتقىچە قىرىلىپتۇ جان.
ئاندا ئۆيۋاقىم تامام بولسا خاراب،
چىقمىدۇ دەمسەن كىشى قارايدىغان.



ئىگىسىز ياتقاندۇ جەسەتلەر سېسىپ،
بەلكى قارىغاي تۆۋىنى ئەيلەپ ماكان.
جەد - جەمەتىنىڭ قانچىسى باردۇر ھايات،
تەلتۆكۈس كەتكەنمىدۇ بولۇپ خازان؟
ھاڭ - چوقا كۆرۈندى يولۋاستەك گويا،
باققىنىمدا ئەنسىرەپ يۇرتۇم سايان.
نامە ئالغانچە تېخى ئۆتكەن يىلى،
ئۆتتى ئون ئاي مانا شۇ كۈندىن بۇيان؛
كۈتىمەن ئۆيدىن خەۋەرۇ، قورقىمەن،
نە ئۈچۈندۇر يۈرىكىم سىلاپ سىمان.
كۆلمىنىشكە بۇ دىيار يۈزلەنسىمۇ،
تاشلىماي كەلدىم ئىچىپ مەينى ھامان؛
چۈنكى خولۇق - خورلىقىمنى ئويلىسام،
باسىدۇ يالغۇز بېشىمنى دەرد - پىغان.

① دۇفۇ مىلادىنىڭ 757 - يىلى 4 - ئايدا چاڭئەندىن قېچىپ فۇڭشاڭ شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىن، خان ئۇنىڭغا 8 - دەرىجىلىك بىر كىچىك ئەمەلنى بېرىدۇ. بۇ شېئىرىنى ئەنە شۇ جەرياندا ئۆز ئۆيىنى سېغىنىپ يازىدۇ.

## تەنها شاراب ئىچكەندىن كېيىن ①

شام چېچەكلىسە نېمەمدىن خۇش بولاي،
مەي بولۇپ قالدى ماڭا يار ـ ئۈلپىتىم.
نەزمە پۈتسەم پىر بېرۇر ماڭا مەدەت،
كەيپ ئىلەن ئۆتتى مۇساپىرلىق كۈنۈم.
كەتمىسە كۆزدىن نېرى ھېچ جەڭ ـ جېدەل،
كى ئاسايىشتا ياشايمۇ بىر ئۆزۈم؛
زەرىچە ئەمەلگە باغلاندىم، دەرىخ،
چۈشتى باش ئەل ئالدىدا، كۆيدى يۈزۈم!

① مىلادىنىڭ 757 ـ يىللىرى، دۇفۇ تاڭ سۇزۇڭ خاندانلىقىدا كىچىك ئەمەلدار بولۇپ ئىشلەيدۇ. شۇ جەريانىدا، ئۇ خانىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ، نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ ۋە يارلىق بىلەن فۇجۇغا كەتكۈزۈۋېتىلىدۇ. ئاپتور بۇ شېئىرنى ئەنە شۇ قېتىمقى سەپەر ئۈستىدە يازىدۇ.



## چاڭسۇن كەنتى توغرىسىدا ئۈچ شېئىر ①

1

قىلىۋە ياققا بارىدۇ كۈنمۇ پېتىپ،
يەرگە بۇلۇت ئارىسىدىن نۇر چېچىپ.
قىلدى سىغىزخان خەۋەر قوۋۇق بېشىدا،
كەلدى مېھمان، دەپ، ئۇزاق جاپا چېكىپ.
قالدى يىغلاپ ئۆي ئىچىم ھەيران بولۇپ،
ھەم تىرىك يانغانلىقىمدىن داڭ قېتىپ.
قىلدى سەرسان بىزنى بۇ ئەنسىز جاھان،
شۈكرى، ياندىم ئۆلجىغا جاننى ئېلىپ.
كوچا ـ كويغا چىقتى قولۇم ـ قوشنىلار،
ھەسرىتىگە پايلىماي كۆز ياش قىلىپ.
ئۇلتۇرۇشتۇق تۈن بويى بۇ چۈشمۇ دەپ،
شام تۈۋىدە يار بىلەن كۆپ مۇڭدىشىپ.

2

قىستىدى تۇرمۇش مېنى قېرىغاندا ھەم،
كەتمىدى يانساممۇ ئۆيگە غۇسسە ـ غەم.
قۇچىقىمدىن چۈشمىدى زادى بالام،
كەتمە ئاتا ئەمدى، دەپ ئۇ، دەممۇ دەم.

كۆل بويىغا باشتا سالغانىدىم جىردىم،
سايىدارمەن كەلسە ياز، دەپ، ئەسلىسەم.
تۆكۈلۈپ شامالدا ئۇچقان شۇ خازان،
قوزغىدى قەلبىمدە بۈگۈن دەرد ــ ئەلەم؛
يىغلىمىمۇ بوپتۇ ئاشلىق ئاڭلىسام،
پۈردى بۈرنۈمغا گويا مەي شۇ دەم.
بولسىلا شاراب بۈگۈن غىق تويغۇدەك،
ئۆمرۈم ئۆتەتتى خوشال دىلىمۇ جەم.

3

كىيدى بېشىغا توخۇلار هويلىنى،
سالدى غوغا بىر ــ بىرىنى چوقىلاپ؛
قوندىقىغا چىقىرىپ تۇرغاندا مەن،
ئىشىكىمنى قاقتى مېھمان ۋارقىراپ.
ئاقساقالدىن تۆت ــ بەشى كەلدى كىرىپ،
كەپتۇ دەپ مېنى سەپەردىن هال سوراپ.
هەر بىرىنىڭ قولىدا بار سوۋغىسى،
كوزىسىدىن قۇيدى جامغا مەي ــ شاراب.
دېدى: «ئەرلەر جەڭگە ماڭغاچ توختىماي،
قالدى ئېتىزلار ئېكىلمىسىز چۆلسىرەپ.
دېمىگىن مەي سۈپىتى ناچار ئىكەن،
بارى مۇشۇ، ئازنى كۆپكە قىل تاۋاپ.»
كۈن ئېغىر، هەممەت ئۇلۇغ بولغاچ ماڭا،



ئۇيۇلۇپ قالدىم شۇ چاغ يەرگە قاراپ.
ناخشا ئېيتسام ئاھ ئۇرۇپ پەرياد چېكىپ،
ئاقتى دوستلار كۆزىدىن ياش تامچىلاپ.

① ئاپتور بۇ سېكىل شەكلىدە يېزىلغان ئۈچ شېئىرىنى خان ــ تاڭ سۇزۇڭ (لى خېڭ) ئۇنى يارلىق بىلەن ئۆيىگە قايتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن يازغان. 1 ــ شېئىردا ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىنكى ئەھۋال، 2 ــ شېئىردا ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىنكى تەسىرات، 3 ــ شېئىردا قولۇم ــ قوشنىلىرى هال سوراپ كىرگەندىن كېيىنكى ئەھۋال تەسۋىرلىنىدۇ. دۇفۇ مىلادىنىڭ 757 ــ يىلى بىر يىل ئىچىدىلا ئەسىرگە چۈشۈش بىلەن تۈرمىگە تاشلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي خاننىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ.

## شىنئەن بېگى ①

مەن باراتتىم شەھىرى شىنئەننى كېزىپ،
بەگ يۈرەتتى ۋارقىراپ چېرىك يىغىپ.

بۇ نەھال، دەپ، سورىسام بەگدىن، دېدى:
يۇرتتا چېرىك بولغۇدەك ئەر قالمىدى.

يۇقىرىدىن كەپتۇ يارلىق كېچىلەپ،
ياش گۆدەكتىن سەپ تۈزۈلسۇن كەگرى دەپ.

تىڭىرقاپ قالدىم بۇ سۆزنى ئاڭلىبان،
بۇ بىلەن قالغايمۇ خاندانلىق ئامان.

ئانىسىزلار تۇرىدۇ يېتىمسىراپ،
ئانىلىقلار مەڭزى كۆپۈپ، يالتىراپ.

كەتتى دەريا شەرققە گۈگۈم چاغ ئارا،
كۆتۈرۈلدى يىغا - زارە تاغ ئارا.

بەس، دېدىم مەن، ياش تۆكۈش بىھۇدىلىك،
ياش ئىلەن، خۇش، نېمە پايدا كۆرگۈلۈك.

سوغۇلۇپ پۈتكەن بىلەنمۇ كۆز يېشىڭ،
بۇ جاھاندا كىم كېلىپ سىلار بېشىڭ.



ئەسلى قوشۇن ئىلكىدە ئىدى شەھەر،
ئارزۇ - ئۈمىد ساقلىماق شامۇ سەھەر.

ياۋنى خام چاغلاشنى كىممۇ ئويلىغان،
تارمار بولدى قوشۇن، تارتتۇق زىيان!

كەتتى يۇرتقا بەزىسى ئىزدەپ ئوزۇق،
بەزىسى قىلماقتا لەشكەرنى تولۇق.

ياش گۆدەكلەر جەڭدە مىراقۇل بولۇپ،
بارىدۇ خەندەك قېزىشقا - تېز ئويۇپ.

نامى بار، خان لەشكىرىنىڭ ئورنى بار،
باقىدۇ چېرىكنى خوپ، قىلمايدۇ خار.

يىغلىما ئۇزاتقۇچى، بەس، سەۋرى قىل،
قۇر بېشىنى سەن بالاڭغا ئاتا بىل.

---

① مىلادىنىڭ 759-يىلى 3-ئايلاردا گوزىيى قاتارلىق توققۇز ھەربىي ۋالىيغا قاراشلىق 600 مىڭ پىيادە ۋە ئاتلىق لەشكەر خېبېي ئۆلكىسىنىڭ يېچىڭ شەھىرىدىكى ئۇرۇشتا قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ناھايىتى ئېغىر ئەھۋال ئاستىدا قالغاندىن كېيىن، شۇ چاغنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى تولۇقلىۋېلىش ئۈچۈن، ئۆز تەۋەلىكىدىكى جايلاردىن ھە دەپ چېرىك تۇتۇشقا كىرىشىدۇ. جايلارنىڭ ئاتارمەن-چاپارمەنلىرى سان توشقۇزۇپ ئۆز خوجايىنلىرىغا خىزمەت كۆرسەتمەك بولۇپ، ئۆز مەيلىچە ئادەم

تۇتۇپ، ئاياللارنى ئۆز ئەرلىرىدىن، بالىلارنى ئۆز ئاتىلى-
رىدىن ئادا-جۇدا قىلىشۋېتىشتەك پاجىئەلىك ھادىسىلەرنى
تۇغدۇرىدۇ. دۇفۇ بۇ ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆر-
گەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ ئۇرۇش تۈپەيلى-
دىن ئېغىر كۈنلەرگە قالغانلىقىغا قاتتىق ئېچىنسا، يەنە
بىر تەرەپتىن دۆلەتنىڭمۇ خەۋپ-خەتەر ئاستىدا قېلىۋات-
قانلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئالدىنقى سەپكە ئادەم ئەۋەتىشنى
خوپ كۆرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل زىددىيەتلىك ھېسسىياتى ئۇ-
نىڭ داڭلىق ۋە رېئالىزم ئاساسىدا يېزىلغان «ئۈچ بەگ»،
«ئۈچ قېتىملىق جۇدالىق» دېگەن شېئىرلىرىدا روشەن ئىپا-
دىلىنىدۇ. «شىنئەن بېگى» شۇ شېئىرلارنىڭ بىرى.



## تۇڭگۇەن بېگى[1]

بۇندا چېرىكلەر چېكەرقاتتىق جاپا،
ئالدىراش سېپىل سوقۇپ تۇڭگۇەن ئارا.

چوڭىنى چىڭداپتۇ تۆمۈردىنمۇ چىڭ،
كىچىكىنى كۆك بىلەن تەڭ دەپ بىلىڭ.

سورىسام تۇڭگۇەن بېگىدىن ۋەجىنى،
دەيدۇ ئۇ، توسماقچىمىز غۇز تەلۋىنى.

مېنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، يۈرۈڭ، - دېدى،
كۆرسىتىپ تاغ سىگرىن، كۆرۈڭ، - دېدى:

تۇرسا تۇسۇق تاغ ئارا كۆكنى قۇچۇپ،
ئۆتۈشى مۈمكىنمۇ ئاندىن قۇش ئۇچۇپ.

كەلسە غۇزلار يولمۇ يوق ئاڭا ئوچۇق،
ئەمدىچۇ؟ ئاستانىدىن ھېچ غەممۇ يوق.

سىز يەنە قورول تەرەپكە قارىڭا،
ئاندا سىغار بىرلا سالتاڭ ھارۋا!

قىلمىقى كار بۇندا ئوق-يا بەكمۇ تەس،
بىر يىگىت ساقلار بۇ جاينى مەڭگۈ بەس.

دەڭ دىبدىم، سەركەردىگە مەندىن سالام،
ئۆگىنىش گېي شۇ يولىدىن خەۋپ، تامام.②

ئالغۇلۇق تاۋلىڭدىكى جەڭدىن ساۋاق،③
بولمىسۇن قوشۇن بىلىقا يەم بىراق.

---

① يېچىلك شەھىرىدىكى جەڭ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچ-
رىغانىدىن كېيىن، لوياڭدىن چاڭئەنگە ئۆتىدىغان يولنىڭ
مۇھىم بوغىزى ھېسابلىنىدىغان تۇڭگۇەندە جىددىي ھەربىي
مۇداپىئە ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاپتور بۇ شېئىرىدا
بىر قورول بېگى بىلەن بولغان سۆھبىتى ئارقىلىق مىلادى-
نىڭ 756-يىلى ھەربىي سەركەردە گې شۇخەنىڭ كۆرەڭ-
لىكى تۈپەيلىدىن تۇڭگۇەن قولدىن كېتىپ قالغانلىقى ئەكس
ئەتتۈرۈلىدۇ ۋە قورول ساقلاۋاتقان سەركەردە-چېرىكلەرنىڭ
ئەمدى ئۆتكەنكى ۋەقەلەردىن ساۋاق ئېلىپ، كۆرەڭلىك بى-
لەن ئۇپۇل-توپۇللا جەڭگە ئاتلانماسلىقى توغرىسىدا سىگنال
بېرىلىدۇ.

② گې شۇخەن—تۇڭگۇەن قورولىنىڭ بېگى، ئۇ مىلادى-
نىڭ 756-يىلى 6-ئايدىكى جەڭدە قارامىلىق بىلەن قورول-
دىن چىقىپ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، 10 مىڭدىن
ئارتۇق لەشكەرنىڭ خۇاڭخې دەرياسىغا غەرق بولۇپ كېتى-
شىگە سەۋەبچى بولغان.

③ تاۋلىڭ—تۇڭگۇەن قورولى قەدىمدە تاۋلىڭ دەپ ئاتالغان.



## شىخاۋ بېگى①

تۈندە شىخاۋ — كەنتىگە كەلدىم قونغىلى،
كەلدى بىر بەگ بۇندا ئادەم تۇتقىلى.

غىپلا تامدىن قاچتى سارايۋەن بوۋاي،
قالدى ئۆيدە بۇلتىلاپ بەگنى موماي.

كايىدى بەگ ۋارقىراپ غەزەپلىنىپ،
يىغلىدى مومايمۇ غەم-غۇسسە چېكىپ.

ئاڭلىسام، دەيتتى موماي ھازا ئېچىپ:
ئۈچلا ئوغلۇم جەڭ ئارا قالدى كېتىپ.

بىرىدىن خەت كەلدى تېخى يېڭىلا،
ئىككىسى بوپتۇ يىغىدا تەڭ قازا.

تىرىكىگە يار-يۆلەك بولسۇن خۇدا،
ئۆلگىنى كەتتى ئەبەدىكە، ئەلۋىدا.

قالمىدى ئۆيدە بىرەرمۇ ئەر جەمەت،
قالغىنى ئەمچەكتىكى نەۋرەم پەقەت.

بارغىنى يوق تا مۇلاقەتكە كېلىن،
ياپقۇدەك ھېچ بولمىغاچ ئەتنى ئىگىن.

گەر كۇچۇمدىن خېلى قالسامۇ ئېرىپ،
مەن بولاي سىزگە مۇلازىم تەك بېرىپ.

كېچىلەپ خىياگىغىلا بارالسام،
ۋاقتىدا دەل پىشۇراتتىم ئاش ـ تائام.

توختىدى پاراگمۇ بولدى نىسپى شەپ،
كىمدۇ يىغلايتتى بۇلۇڭدا ئۆپكىدەپ.

ئاتتى تاڭ، چىقتىم سەپەرگە ئاتلىنىپ،
بىرلا سارايۋەن بوۋايغا خوش ئېيتىپ.

① شىخاۋ كەنتى—ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شاشيەن ناھىيىسىدىكە قاراشلىق بىر يۇرتنىڭ نامى. دۇفۇ خەلقىنىڭ دەرد ـ مۇڭىنى ۋە ئازاب ـ ئوقۇبىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇن شېئىرلارنى يازدى. «شىخاۋ كەنتىنىڭ بېگى» مۇ ئەنە شۇنداق شېئىرلار قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ شېئىردا ئاپتور تارىختىكى داڭلىق «ئەن لۇشەن ـ شى سىمىن ئىسيانى» نى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىدۇ ۋە بىر كېچىنىڭ ئىچىدە يۈز بەر-



گەن ئەھۋالنى ئەينەن يازىدۇ، يەنى ئاپتور بىر دېھقانىنىڭ ئۆيىنى قونالغۇ قىلىپ ياتقان كېچىسى، كەنت بېگى شۇ دەھەللىگە ئادەم تۇتقىلى كېلىدۇ. لېكىن بۇنى سېزىپ قالغان بوۋاي تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ قېچىپ كېتىدۇ. كەنت بېگىنىڭ ئالدىغا ئۇنىڭ موميى چىقىپ كوتۇۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرىدۇ. بىراق مومايىنىڭ كۆز يېشى كەنت بېگىنىڭ ئالدىدا قىلچە كار قىلمايدۇ، ئاخىر مومايىنىڭ ئۆزىنى سەپىسىگە ئېلىپ كېتىدۇ.

## يېڭى نىكاھدىن جۇدا①

يامىشىپ كەندىرگە ئۆسكەچ چىگگىلەك،
ئايىنىشى ئەلۋەتتە تەس تاشلاپ پىلەك.

قىلغۇچە چىرىككە ياتلىق قىز تۇغۇپ،
تاشلىۋەتكەن خوپ ئىكەن يولغا بوغۇپ.

قىز چېغىمدا بوپتىمەن سىزگە خوتۇن،
بايقىدەك سوغ تۇرىدۇ كۆرپە ـ ئورۇن.

كەچ ۋىسال تاپتۇق، سەھەر بولدۇق جۇدا،
كەلدى بەك تېز بۇ پىراق بىزگە بۇدا.

بولمىسمۇ ئارىلىق ئانچە يىراق،
بارىسىز قوغدانغىلى جەڭگە بىراق.

بۇ بويۇمنى چاچلىقىمدىن ئايرىماي،
ئاتا ـ ئانام ئالدىغا مەن قانداق باراي؟



ئاتا ـ ئانام تۇغۇپ مېنى چوڭ قىلغىچە،
باقتى قىز ناقتا مېنى كۈندۈز ـ كېچە.

قىز بالا سالغىدىكى چالما، دېمەك،
نەگە ئاتسا چۈشۈدۇ، شۇنداق پەلەك.

كەتتىڭىز بۈگۈن ئۆلۈمگە يۈزلىنىپ،
ئويلىسام كۆيەر بۇ باغرىم ئۆرتىنىپ.

سىز بىلەن بىللە كېتىش ئويىدا ئىدىم،
پىشكەل بولۇپ قېلىشنى پەملىدىم.

بولسا لەشكەرلەر ئارا مەزلۇم كىشى،
تاپمىغاي دەيدۇ روناق لەشكەر ئىشى.

مەن ئۈچۈن چەكمەڭ تولا ئاھۇ پىغان،
تىرىشىڭ مەشىق قىلىپ تارتىپ كامان.

ھەسسىنە دەيمەن، ئۆزۈم خۇرجا قىزى،
تويغا تون كىيدىم ئاران كەلمەي كېزى.

كىيمىدىم تويلۇق تونۇمنى سىز كېتىپ،
يۈرمىدىم مەڭزىمگە ھەم ئەڭلىك ئېتىپ.

كۆككە باقسام، قۇش ئۈزەر پەرۋاز ئۇرۇپ،
چوڭ - كىچىك بار جانىۋار جۈپ - جۈپ بولۇپ.

بۇ جاھاننىڭ قىسمىتى چاندان ئىكەن،
بىرنى قالدۇردى ئەبەد ئارمان بىلەن.

① بۇ شېئىردا ئاپتور ئۆز ۋاقتىدىكى زورمۇ زور ئەسكەرلىككە تۇتىدىغان ھەربىي تۈزۈمنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن ئېغىر جاپا - مۇشەققەتلىرىنى پاش قىلىدۇ. تېخى ئاخشاملا تويى بولۇپ ئۆتكەن بىر يىگىت، تاڭ ئاتا - ئاتمايلا ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ كەتسە، قىز يا يىگىتنى بىلەن بىللە ئالدىنقى سەپكە بارالمىسا، باراي دېگەن بىلەنمۇ قائىدە - تۈزۈم ئۇنىڭغا يول قويمىسا، ھەسرەت ئوتى تېخى تويى بولغان بولمىغانلىقىنى ئېنىق ئايرىيالمىغان قىزنىڭ قەلبىنى ئۆرتىمەي تۇرامدۇ؟ لېكىن، قىز ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆز ئېرىگە ساداقەتلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، توي كېيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئۇپا - ئەڭلىكلىرىنى يۇيۇۋېتىپ، ئۆز يىگىتىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈشكە چىڭ بەل باغلايدۇ. دېمەك، ئاپتور بۇ شېئىردا ۋەتەنگىمۇ، ئۆز ئېرىگىمۇ سادىق ئايالنىڭ ئوبرازىنى يارىتىدۇ.



## قېرىلىقتىن جۇدا①

جەڭ - جېدەلدە ئۆتتى دائىم بۇ ماكان،
بولمىدى قېرىغاندىمۇ بېشىم ئامان.

نەۋرە - چەۋرەم قالمىدى جەڭدە ئۆلۈپ،
ئۆتتى دەمسەن ئۆمرۈمنى خورلۇق كۆرۈپ.

تاشلىدىم ھاسامنى، كەتتىم جەڭ ئارا،
مەن ئۈچۈن يارەنلىرىم چەكتى ئىزا.

گەر قېرىپ قاقشال بولۇپ قالدى تېنىم،
شۈكرى ئىللا، ساق تېخى ئوتتۇز چىشىم.

قولغا دۇبۇلغا ئېلىپ، ساۋۇت كىيىپ،
خوش دېدىم، سەركەردىگە تەزىم قىلىپ.

قالدى موماي يولدا يىغلاپ ھۆركىرەپ.
بەلكى سەنجۇسەندە غال - غال تىترەپ.

بىلىمەن، بارار مېنى سۆرەپ ئەجەل،
ئەمما، غەم - غۇسسەم مېنىڭ مومايدا دەل.

كەتسە - كەلمەسكە قاراپ ماڭسام، موماي،
دەيدۇ، ئاچ قالما، سالامەت بول بوۋاي.

شەھرى تۇمەنگىنىڭ سىپىلى مۇستەھكەم،
ھەمدە شىگېۋەن كەنتىدىن يوق مەندە غەم.

ۋەزىيەت بىيى شەھىرىدىنمۇ باشقىراق،
تېخى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن مەن يىراق.

بولىدۇ دۇنيادا ۋىسالۇ پىراق،
كىم بۇ تەقدىرنى بىلۇر ئالدىن بىراق؟

ئەسكە چۈشسە نەۋقىران ياشلىق چېغىم،
قالىمەن ھەسرەت چېكىپ تالاي قېتىم.

تولدى جەك غوغاسىغا كۆللى جاھان،
يامرىدى ئۆي - دۆڭگە ئوت ۋە ئىس - تۇمان.

تاغ بولۇپ دۆۋىلەندى جەسەت، بىقىسىدى،
ئاقتى قان دەريا قىنىغا سىغمىدى.



باغى ئېرەم دېگۈدەك قالدى قەيەر؟
مەن تۇراي بۇندا نېچۇك قىلماي سەپەر؟

تاشلىدىم كۆلبەمنى كەلمەسكە يېنىپ،
كۆيدى باغرىم، دەرد - ئەلەملەردە يېنىپ.

① ئاپتور بۇ شېئىرىدا ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان بىر بوۋاينىڭ تىلى ئارقىلىق خەلقنىڭ بىھۇدە ئۇرۇش تۈپەيلى چەككەن ئازابىنى تەسۋىرلەيدۇ.

## ئۆيدىن جۇدا ①

ئىدى بۇ تيەنباۋ زامانى، يېغىدىن —
قاچتى يۇرت ھەريان تاراپ ئۆي - بېغىدىن.

قالدى ئېلىشالماي ئۇچۇر تىرىكلىرى،
كەتتى خاكقا ئايلىنىپ ئۆلۈكلىرى.

باستى ئېتىزۇ ئېرىق، مازارنى چۆپ،
چۆللىشىپ كەتكەن يېزا .. شەھەرمۇ كۆپ.

يېگىلىپ قالغاچ قوشۇن، مەن ئايرىلىپ —
يولنى بويلاپ يۇرتقا قايتتىم قايرىلىپ.

كوچا - كويلار چۆل گويا، ماگدىم ئۇزاق،
كۆزنمۇ خىرە، ئېچىنىشلىق ھەممە ياق.

بوپتۇ مەلەم بۆرە - تۈلكىگە ماكان،
خىرىس قىلىپ ھۇۋلار تېخى ئۇ مەن تامان.



قوشنىدىن كىم قالدى دەپ، نەگە باراي،
تۇرسا بۇندا ئىككى - ئۇچلا تۇل موماي.

ئۇۋۇسىغا قۇش چېغى كەلسە يېنىپ،
مەن كېتەتتىممۇ يىراق يۇرتتىن تېنىپ؟

ئىدى دەل كۆكلەم كېزى، ئېكىن ئېكىپ،
ھەرنە كەچ سۇ باشلىدىم كۆكتات تېرىپ.

يانغىنىمنى يۇرتقا قالغاچ بەگ تۇيۇپ،
ناغرىچى بول دەپ مېنى كەتتى تۇتۇپ.

كەتمىسەممۇ ياقىغا چېرىك بولۇپ،
يوق بېساتىم ئالغۇدەك ئۆيدىن يۇلۇپ.

يۇرتتا قالسامۇ بۇگۈن يىگانىمەن،
تاڭلا كېتەرمەن بولۇپ بىگانىمەن.

بولسا يۇرتۇم خانىۋەيرانە پۈتۈن،
پەرقى نە يېقىن - يىراقنىڭ مەن ئۈچۈن؟

قاپىنكەن بىمار ئانام بەش يىل يېتىپ،
كەتتىكىن قاي ئوي ۋە دۆگدىن جاي ئېلىپ؟

بالىلىق بۇرچۇمنىمۇ ئۆتەلمىدىم،
ئىككى ئالەم قەرزىنى تۆلىيەلمىدىم.

بىر ئۆمۈر ئۆيدىن قىلىپ بىزنى جۇدا،
نە ئۇچۇن پۇقرا ياراتتىڭ ئەي خۇدا؟!

① ئاپتور بۇ شېئىرىدا يېچىنىڭ شەھىرىدىكى ئۇرۇشتا خان لەشكەرلىرى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىغا قېچىپ كەتكەن بىر ئەسكەرنىڭ خانىۋەيران بولۇپ ياتقان يۇرتىدا كۆرگەنلىرىنى ۋە كېيىن قايتا ئەس-كەرلىككە تۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، شۇ ئەسكەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بايان قىلىدۇ.



## سەنەم①

باشتا كەلدىم بىرلا سەنەمجان بولۇپ،
ئەمدى غار قالدى ماگا ماكان بولۇپ.

كەپتىكەنمەن ياخشىلارنىڭ پۇشتى دەپ،
قىلىشىمنى نە بىلەي خازان بولۇپ.

كەتتى مەندىن ئايرىلىپ قېرىندىشىم،
شەھرى تۇڭگۇەن جېڭىدە قۇربان بولۇپ؛

جەسىتى قالدى تالادا ئىگىسىز،
نېمە تاپتى يۇرتتا ئۇ ئەركان بولۇپ؟

بىۋاپا ئالەم ئىكەن بۇ رەھىمسىز،
ئۆتىدىكەن بارچە ئىش دەۋران بولۇپ.

تاشلىدى ئۇجمە كۆكۈل ئېرىدىم مېنى،
ئۆزگە بىر سەنەم بىلەن ھەمجان بولۇپ.

بىلىدۇ گۈلمۇ پەسلىنىڭ قەدرىنى،
قۇش چىغىدايۇرىشەر جانان بولۇپ.

يېڭى يارلار يۇرىدۇ ئويناپ - كۈلۈپ،
كونا يارنى يىغلىتىپ، پىنهان بولۇپ.

چىققۇچە تاغدىن بۇلاق ئاقار سۇزۇك،
كېتىدىكەن سۇگرە ئۇ قىيان بولۇپ.

زۇلپى - زۇننارىمنى سىتىپ خەشلىدىم،
توزۇغاچ كۈلبەممۇ تەك ۋەيران بولۇپ.

گۈل ئۈزۈپ ساچىمغىمۇ ساچماپتىمەن،
ئارچا تۇرغاچ ماڭا چىن ھەميان بولۇپ.

چۈشتى قىش، ئۈستۈم يالاڭ، تۇردۇم قاراپ—
كەتكۈچە كۆن يولىغا راۋان بولۇپ.

① ئاپتور بۇ شېئىرىدا يېغىلىق جەريانىدا تاشلىنىپ-تىلگەن بىر ئايالنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتىنى ئەكس ئەت-تۈرۈش ئارقىلىق ئۈزىنىڭمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانىدىن كې-يىنكى نارازىلىق كەيپىياتىنى ناھايىتى ئۈستىلىق بىلەن ئىپادە قىلىدۇ.



## لى بەي چۈشۈمدە①

(ئىككى شېئىر)

1

ئۆلۈپ ئايرىلساڭ تۈگەيدۇ ھەممە گەپ،
تىرىك ئايرىلماق غېمى كەتمەس تۈگەپ.
ئاڭلىسام، جاڭنەندە كېزىك كۆپ ئىمىش،
كەلمىدى، خەۋەر ئۇياقتىن سىزگە دەپ.
كىردى چۈشۈمگە ئېنىق دوستۇم مېنىڭ،
چىن دىلىمدىن سېغىنىپ كەتكەچ ئەجەب.
تۇرسا سىرتىماقۇ چۈشەكتە پۈت - قولى،
كەلمىكى ئاسانمۇ ئۇ قانات تۈزەپ؟
يول يىراقى يېدى كۆزنىڭ خۇنىنى،
ئۆزىنى كۆرمەي يۇرەرمەنمۇ چۈشەپ؟
قاپتۇ ئېرەن تال چۈشۈمدە ياشىرىپ،
تۇرىمەن ئۇيقۇمدا قورغاندا تۇنەپ.
ئاي نۇرىغا تولدى لىق ئۆينىڭ ئىچى،
قارىسام ئوخشايدۇ چىرايىڭغا زەپ.
دولقۇنى كۆپ بولىدۇ تېرەن سۇنىڭ،
ھەزەر ئەيلە، قويمىغاي ھەژدارى يەپ!

2

ئۇزىدۇ ئاسماندا كۈندە ئاق بۇلۇت،
يۈرىدۇ دوستۇم تېخى سەرسان بولۇپ.
ئۈچ كېچە چىقتىم سېنى ئۇدا چۈشەپ،
سەن بىلەن قالغان چېغىم بىر جان بولۇپ.
دېگىدەكسەن: كەلمىكىمنىڭ چېكى بار،
ھەممە ئىش چۈشمەس ئىكەن ئاسان بولۇپ.
كۆپ بولۇركەن بەھرىنىڭ دولقۇنلىرى،
كېمىلەر كېتەر ئىكەن گۇمران بولۇپ.
خەپ دېدىڭ، تۇتتۇڭ ساقالنى قامىلاپ،
كەتكىنىڭگە ئۈمىدىڭ ۋەيران بولۇپ.
تولدى بەگۇ تۆرىلەر ئاستانىگە،
سەنلا قالدىڭ سارغىيىپ زەپىران بولۇپ؛
ئەگرى قويمايدۇ يامانىنى دەپتىكەن،
ئەكسىچە كەتتىڭ قېرىپ نىمجان بولۇپ.
مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ بىراق نامىڭ سېنىڭ،
گەرچە كەتتىڭ باقىغا راۋان بولۇپ!

① دۇفۇ لى بەي بىلەن ناھايىتى قويۇق دوستبولۇپ ئۆتۈشكەن. ئۇ مەخسۇس لى بەيگە بېغىشلاپ 10 نەچچە شېئىر يازغان. لى بەي مىلادىنىڭ 757 ـ يىلى تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ 16 ـ ئوغلى لى لىڭنىڭ ئەنزىسى بىلەن چې-



تىشلىق بولۇپ چىققانلىقى تۈپەيلىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ ۋە مىلادىنىڭ 758 ـ يىلى گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ ھازىرقى تۈڭزى ناھىيىسى ئەتراپىدىكى يېلاڭ دېگەن جايغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ، 2 ـ يىلى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ئېكىن دۇفۇ لى بەينىڭ كەچۈرۈم قىلىنغانلىقىدىن بىخەۋەر بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈرگۈنگە كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ دېگەن خەۋەرنىمۇ ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئويلىدىمۇ، چۈشىدىمۇ ئەسلەيدىغان بولۇپ قالغان. يۇقىرىدىكى ئىككى شېئىرنى ئۇ مىلادىنىڭ 759 ـ يىلى كۈز ئايلىرىدا يازغان.

## تەنها تۇرغاندا①

ئۇچسا سار كۆك قەرىدە پەرۋاز ئۇرۇپ،
سۇدا لەگلەك قوش ئۈزەر بىر جۈپ بولۇپ.
شۇڭغۇسا سار ئالىمەن دەپ پەنجىگە،
قېلىشى مۇمكىنمۇ قوشنىڭ قۇتۇلۇپ؟
ئۈمۈچۈك توقۇيدۇ تور چىمەن ئارا،
چۈشسە شەبنەم كېتىدۇ ئۇ بۇزۇلۇپ.
تەقدىر ئاللانىڭ سىرى شۇنداق ئىكەن،
قىسمىتىدىن چۈچۈدۈم تەنها تۇرۇپ.

① ئاپتور بۇ شېئىرىنى مىلادىنىڭ 757 - يىللىرى تاڭ سۇزۇڭ (لى خېڭ) ئۇنى ئوردىدىن ھەيدىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ دەرد - ئەلەمگە پايلىماي خانغا دارىتىملاپ يازغاندەك تۇرىدۇ. چۈنكى كۆك قەرىدە پەرۋاز قىلىۋاتقان سارنى خانغا تەقلىد قىلىماق، سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەن لەگلەك قۇشنى ئاپتورغا تەقلىد قىلىشقا بولىدۇ.



## مېھمان كەلدى①

ئالدى - كەينىدە ئۆيۈمنىڭ ئاقىدۇ سۇلار تولۇپ،
كېلىدۇ باھاردا قۇشلار ھەر كۈنى پەرۋاز ئۇرۇپ.
قويمىغاندىم سۈپۈرۈپ مېھمان كېلەر دەپ يولنىمۇ،
سىز ئۈچۈن ئېچىلدى كەپەم ئىشىكى تۇنجى بولۇپ.
غۇرىگۈل پەتنۇس قويۇلدى بەككىراق بولغاچ بازار،
قول ئۈزۈك بولغاچقا مەيمۇ قاپتۇ كوزامدا قۇرۇپ.
يات بىلەن ئۇلپەتلىشىشنى كۆڭلىڭىز تارتسا ئەگەر،
چاقىراي قوشنامنى شاراب ئىچكىلى تەك ئولتۇرۇپ.

① ئاپتور بۇ شېئىرنى مىلادىنىڭ 761 - يىلى باھار ئېيىدا يازغان بولۇپ، بۇنى ئۆزىنىڭ تۇغقىنى سۈي شەنگە بېغىشلايدۇ.

## باھار كېچىسىدىكى خاسىيەتلىك يامغۇر ①

نەۋباھارنىڭ خاسىيەتلىك يامغۇرى،
تەبىئەت رايىنى خوپ بىلگەن چېغى.
سىم .. سىم ئارىلاپ تۈن بويى تىنماي يېغىپ،
بارچە شەيئى باغرىنى نەم ئەيلىدى.
قاپقارا تۈن ئىلكىدە دۈر يول تامام،
كۆرۈنەر قېيىقتا يالغۇز شام نۇرى.
ئاتتى تاڭ، زەپمۇ قىزاردى ھۆپپىدە —
شەھرى جىنگۇەننىڭ جىمىكى گۈللىرى.②

① ئاپتور بۇ شېئىرنى مىلادىنىڭ 761 – يىللىرى چېڭدۇ شەھىرىدە تۇرۇۋاتقاندا يازغان. ئۇ قاراڭغۇ كېچىدە يېغىۋاتقان خاسىيەتلىك يامغۇرنىڭ زىرائەتلەرگە بولغان پايدىسىنى ئويلىغاندىن كېيىن، ناھايىتى خۇشال بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خۇشاللىقى شېئىرنىڭ ھەر بىر مىسرالىرىغا سىڭدۈرۈلگەن.

② جىنگۇەن — ھازىرقى چېڭدۇ شەھىرى. چېڭدۇ ئۆز ۋاقتىدا چوڭ شەھەر، كىچىك شەھەر دەپ ئىككىگە ئايرىلغان بولۇپ، كىچىك شەھەردە جىسەكچىلىككە مەسئۇل ئەمەلدارلار، يەنى يىپەك بېگى ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن جىنگۇەن شەھىرى دەپ ئاتىلىپ قالغان.



## كۆز بورىنىدا ۋەيران بولغان كەپەمگە بېغىشلايمەن ①

سەككىزىنچى ئاي ئىدى بۇ، چىقتى بوران ئۈن سېلىپ،
ئۈچ قەۋەت ئۆگزىنىمۇ قويماي سۆكۈپ كەتتى ئېلىپ.
تاشلىدى دەريا قېتىدىن ھالقىتىپ شاخ - شۇمبىنى،
قويدى ئەپكىپ بەزىسىنى دەل - دەرەخلەرگە ئىلىپ،
بەزىسىنى ئېرىق - ئۆستەڭ ئىچىگە پۇرلاپ تىقىپ.

چىقتى ئاياغمەھەللىدىن بىرتوپ گۈدەك بوزەك قىلىپ،
قىلچىمۇ تەپتارتمىدى قاراقچىدەك ئۇسۇپ كېلىپ.
ئالدى قالغان .. قاتقىنىنى كەتتى بامبۇكزار ئارا،
ۋارقىراپ توسالمىدىم، ئاغزىم قۇرۇپ قالدىم تېلىپ،
تايىنىپ ھاسامغا ياندىم نائىلاج پەرياد چېكىپ،
توختىدى بىر دەمدە بوران، كەلدى ھەم قارا بۇلۇت،
كەتتى كۆزگە يەر - جاھان چەكسىز قاراڭغۇغا پېتىپ.

قالدى بۆز يوتقانىمۇ مۇزلاپ خۇددى ياغاچتەك قېتىپ،
تېپىچەكلەپ بالىلار ئەستەرمۇ كەتتى يىرتىلىپ،
تامچە تامچىپ بېشىمىزدىن ھېچ قۇرۇق جاي قالمىدى،

تاپمىدى بىردەممۇ ئارام مۇتتەسىل يامغۇر يېغىپ.
جەڭ-جېدەلنىڭ دەستىدىن باشتىنلا ئۇيقۇم كەمئىدى،
ئاتقۇزاي تاڭنى قاچان بۇ ھۆلچىلىكتە مەن يېتىپ؟

كەتسىدى ئاشيانىلا مىڭلاپ - تۈمەنلەپ سىلىنىپ،
تاغ كەبى تۇرسىدى مەزمۇت ئۇرسىمۇ چاپقۇن چىقىپ.
بىركۈنى شۇنداق ئىمارەت بولسا پەيدا، ۋاھ دەرىخ،
تاپسامىسكىنلەر پانالىق كۆڭلى گۈلدەك ئېچىلىپ،
رازىدىم كەپەمدە توڭلاپ مەڭگۈ قالسامۇ كېتىپ.

① ئاپتور بۇ شېئىرىنى مىلادىنىڭ 761 - يىللىرى يازغان بولۇشى كېرەك. شۇ يىللىرى 8 - ئايلاردا دۇفۇ چىڭدۇ شەھىرىدە بولىدۇ. چىڭدۇنىڭ كۈز پەسلىدىكى بوران. يامغۇرلىرى دۇفۇنى ناھايىتى ئېغىر شارائىتتا قالدۇردۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئاشۇ يامان كۈنلەر ئارقىلىق، ئۆزىگە ئوخشاش مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن مىسكىنلەرنىڭمۇ خۇددى ئۆزىدەك ئېغىر ھاياتتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى يادىغا ئالىدۇ ۋە كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئاشۇ مىسكىنلەر بوران - چاپقۇن قاتتىق سوقسىمۇ تاغدەك مەزمۇت تۇرالايدىغان كەڭتاشا ئىمارەتلەرگە ئىگە بولسا ئىكەن، دېگەن ئۇلۇغۋار تەسەۋۋۇردا بولىدۇ. بۇنىڭدىن 1200 قانچە يىل بۇرۇن ئۆتكەن بىر شائىرنىڭ ئاشۇنداق ئۇلۇغ تەسەۋۋۇردا بولالىشى ئاددىي ئىش ئەمەس، بۇ ئەلۋەتتە ئالقىشلاشقا ئەرزىيدىغان ئالىيجانابلىق.



## خۇۋا بېگىمگە تەقدىم①

شەھىرى جىنگۇەندە ئۈزۈلمەي ھەر كۈنى نەغمە - ناۋا،
ياڭرىدى دەريانى بويلاپ بىپايان ئاسمان ئارا.
بەندىگە بۇ نەغمىنى ئاڭلاش نېسىپ بولغان ئەمەس،
پۈتتۈۋەتكەن باشتا، چۈنكى، باغى ئېرەمگە خۇدا.

① خۇۋا بېگىم — ئەسلى ئىسمى فامىلىسى خۇۋا جىڭدىڭ، شۇ چاغدا ئۇ چىڭدۇ شەھىرىدە تۇرۇشلۇق قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ بىر قېتىملىق قوزغىلاڭنى بېسىقتۇرۇپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، بەك ھاكاۋۇرلىشىپ ۋە ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەن. ئاپتور بۇ شېئىرىدا مانا شۇ بەگنى كىنايە قىلىدۇ.

## خان لەشكەرلىرىنىڭ خېنەن ۋە خېبېينى قايتۇرۇۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ①

خەۋەر كەلگەندە قورغاندىن خېبېينى② قولغا ئالدۇق دەپ،
ئىتىكىم تولدى كۆز ياشقا ئۇچۇر ئالغاندا مەن دەسلەپ.
يۈگۈرتسەم كۆز نىگارىمغا ئۇچۇپتۇ غەم چىرايىدىن،
يىغىشتۇردۇم بىساتىمنى سەپەرگە ئالدىراپ ـ تېنەپ.
شۇبۇ خۇشكۈندەمەي ئىچمەي، غەزەل ئېيتماي تۇرارمەنمۇ،
ئانا يۇرتقا سەپەر چەكسەم باھارىمنى پاناھ ئەيلەپ.
چىقىپ باشا بوغىزىدىن ئۆتۈپ ۋۇشا③ بوغىزىغا،
كېزىپ شاڭياڭنى④ يول ئالدىم لوياڭ قەلئەسىن كۆزلەپ

---

① مىلادىنىڭ 763 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ئەن لۇشەن ـ شى سىمىڭ قوزغىلاڭچىلىرى سەركەردىسىنىڭ بىرى بولغان شى سىمىڭ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ (بەزى پاكىتلاردا قولغا تىرىك چۈشتى دېيىلگەن). قول ئاستىدىكى قوشۇنلار تەرەپ ـ تەرەپتىن تەسلىم بولىدۇ. قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان نۇرغۇن جايلار قايتۇرۇۋېلىنىدۇ. جۈملىدىن خېنەن، خېبېيلارمۇ كەينى ـ كەينىدىن خان لەشكەرلىرىنىڭ قولىغا قايتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەتتە يىلدىن ئارتۇق پاراكەندىچىلىك سالغان ئەن لۇشەن ـ شى



سىمىڭ قوزغىلىڭى تاماملىنىدۇ. شۇ چاغدا، سىچۈەننىڭ زىجۇ دېگەن شەھىرىدە بۇرۇقتۇم بولۇپ، ئۆيىدە ياتقان دۇفۇ ئالەمنىڭ ئىنچىلانغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشاللىقىنى ئىچ ـ ئىچىگە سىغدۇرالماي قالىدۇ ـ دە، يۇقىرىقى شېئىرىنى يېزىپ چىقىدۇ.

② قورغان ـ جەنمىنگۈەن قورغىنى. بۇ قورغان سىچۈەننىڭ شىمالىدا؛ خېبېي ـ ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدا. بۇ ئۆز ۋاقتىدا ئەن لۇشەن ـ شى سىمىڭلار بازا قىلىپ تۇرغان جاي.

③ باشا، ۋۇشا ـ باشا بوغىزى خۇبېي ئۆلكىسى بادۇڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە. ۋۇشا بوغىزى غەربىدە.

④ شاڭياڭ ـ شۇ چاغدا ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسى تەۋەلىكىدە بولغان.

## ئوتۇنچى ئاياللار توغرىسىدا نەزمە①

شەھرى كۆيجۇ قىزلىرىنىڭ چېچىغا سانچىپتۇ ئاق،
قىرىق ـ ئەللىك ياشقىچە بولمايدىكەن ياتلىق بىراق.
بوپتۇ ئۇرۇش دەستىدىن ياتلىق بولۇشقەۋەتلا تەس،
ئۆتىدىكەن بىر ئۆمۈر تىنىماي چېكىپ دەردۇ پىراق!
ئۆي ۋە سىرتنىڭ ئىشىنى ئىشلەيدىكەن تامام ئايال،
ياتىدىكەن ئېرى ئۆيدە ئىشقا بىر باسماي ئاياغ.
ئون ئايالدىن توققۇزى قىلار ئىكەن ئوتۇنچىلىق،
مەقسىتى قەرزنى تۆلەش ھەم راسلىماق گالغا تاماق.
سېكىلىكى چۇشۇپ تۇراركەن يۈزىگە قېرىغىچە،
قىسىدىكەن تاغ گۈلىدىن گۈلگە تارتىپ ئىشتىياق.
كەلگۈچە تۇمشۇققا جان راسلار ئوتۇن بازارغا دەپ،
خۇپسىيانە تۇز ساتۇر ھەم تۇرسىمۇ ماراپ قاماق.
قارىساڭ ئەگلىدىمۇ، مەگزىدىمۇ ياشنىڭ يۇقى،
ئولتۇرار تاشتا يالاڭ ھېرىپ ـ ئېچىپ، كۆنمۇ سوغاق.
قىزلىرى ۋۇشەن تېغىنىڭ شۇنچىلا سەتمۇ دېسەڭ،
ئەمسە، جاۋجۇن كەنتى ـــ دەپ، نە ئۈچۈن ئالدى ئاتاق؟②

① ئاپتور بۇ شېئىرنى مىلادىنىڭ 766 ـ يىلى باھار



ئايلىرىدا سىچۇەننىڭ كۈيجۇ دېگەن يېرىدە مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا يازغان. بۇ شېئىردا جەڭ ـ جېدەللەر تۈپەيلىدىن ئەر ئاز، ئاياللار كۆپ بولۇپ قېلىپ تا چېچى ئاقىرىپ كەتكۈچە ياتلىق بولمىغان ئاياللارنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرى ۋە ئەرلەر ئەتىۋارلىق، ئاياللار خار قارالغانلىقـ تىن ئاياللار ئېغىر ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

② جاۋجۇن ـــ ۋاڭ جاۋجۈن. «قەدىمكىلەر ئىزىنى ئەسلەپ» نىڭ ئىزاھاتىغا قاراڭ.

## كۈز ئىلھامى①

1

چۈشتى شەبنەم ئۈنچە يەڭلىغ بولدى ئېرەنزارخازان،
قالدى ۋۇشەن چۆللىشىپ ۋۇشا بوغىزى گۆرسىمان.
بارىدۇ دەريادا دولقۇن خۇددى ئاسمانىنى ئۆپۈپ،
بىپايان چېگرا تەرەپتە يەرنى يۆركەپ چاك - تۇمان.
ئىككى رەت ئېچىلدى گۈللەر مېنى ئىككى يىغلىتىپ،
بارىمەن قېيىقتا يۇرتىمى سېغىنىپ، دىلدا پىغان.
شەھرى بەيدىدا، زاۋالدا كىرچىلەر بەك ئالدىراش،
ھەممە چەبدەس پىچىشار لەشكەرگە دەپ قىشلىقچاپان.

2

ياتىدۇ تاك نۇرىدا ئۇخلاپ تىنچ تاغلىق شەھەر،
باقىمەن راۋاقتا زۇمرەت تاغقا ھەر كۈن تاك سەھەر.
كېلىدۇ بېلىقچىلار دولقۇن ئارا تاڭدا يېنىپ،
يۈرىشەر قالىغاچ ئۇچۇپ قىلماي تېخى يۇرتقا سەپەر.
قاپتىكەنمىش داغدا كۇاڭخېك رەت قىلىپ پەرمانىنى ئۇ،②
دەرد چېكىپ ئارماندا ليۇشاك ئىستىكى قۇچماي زەپەر.③
تولىسى ساۋاقدىشىمنىڭ كەتتى دۆلەتمەن بولۇپ،
سەمىرىپ ۋۇلىڭغا پاتماي كىرىلىپ ئاتتا يۈرەر.④



3

ئاڭلىسام، چاڭئەندە تەخت ماجراسى چىققان ئەۋجىگە،
سالدى پۈتمەس قايغۇ - ھەسرەت بۇ جېدەل ئەل قەلبىگە.
ئالمىشىپ بەگلەر كىرىشتى ئوردىغا تالاي نۆۋەت،
تۇتقۇزۇپ قويغاچ قەلەمنى ھەم ئەلەمنى ئۆزگىگە.
كەپتىمىش شىمالىي قورغاندىن ساداسى ناغرىنىڭ،
قىل يۈرۈش مەغرىپكە دەپ، جارچى يۈرەرمىش رەستىدە.
بۇندا كۈز كەلگەچ بېلىقلار كەتتى دەريادا جىمىپ،
مەن يۈرەرمەن ياد ئەيلەپ يۇرتنى ھىجران دەردىدە.

4

ئويلىسام، كۇنمىڭ كۆلىنىڭ تۆھپىسى ۋۇدىغا تەن،⑤
كۆرىنەر لەپىلدىگەندەك ئاشۇ كۆلدە تۇغ - ئەلەم.
ئوت بېسىپ ياتقاندۇ نيۇلاڭ ۋە جىنۋى ھەيكىلىنى،⑥
تاش لەھەڭمۇ كۈزدە، ئايدىڭدا چېكىپ دەردۇ ئەلەم.⑦
قاپقارا بۇلۇت كەبى كۆل قوينىدا ياتقاندۇ لەش،
ئۇشۇتۇپ گۈل بەرگىنى گۈلباغقا چۈشۈپ شەبنەم.
شۇ ئېگىز قورغان يولىدىن بىرلا ئۇچار قۇش ئۆتەر،
قارىسام، بېلىقچى يۈرەر كۆلدە ھەم، دەريادا ھەم.

---

①ئاپتور بۇ شېئىرنى مىلادىنىڭ 766 - يىلى كۈز پەسلىدە، يەنى كۈيجۇدا (سىچۇەن ئۆلكىسىدە) مۇساپىر بولۇپ يۈرۈپ، ئۆز يۇرتى چاڭئەننى سېغىنغانلىقىنى يازىدۇ. بۇ جەمئىي سەككىز شېئىر بولۇپ، سىكىل شەكلىدە يېزىلغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ تۆتى تەرجىمە قىلىندى.

② كۇاڭخېڭ — خەن زامانىسىدا ئۆتكەن دانىشمەن.

③ ليۇشاڭ — خەن زامانىسىدا ئۆتكەن ئەمەلدار.

④ ۋۇلىڭ — بەش مازار مەنىسىدە. ئاپتور بۇ يەردە چاڭئەننى كۆزدە تۇتىدۇ.

⑤ ۋۇدى — تاڭ پادىشاھى خەن ۋۇدى كۆزدە تۇتۇلغان.

⑥ نيۇلاڭ-جىنۇي — خەنزۇ رىۋايەتلىرىدىكى ئاشىق-مەشۇق قىز-يىگىتنىڭ ئىسمى. نيۇلاڭ — يىگىت. جىنۇي — قىز بولۇپ، ئۇلارنى ساما يولى توسۇپ تۇرغانلىقتىن ھەر يىلى بىر نۆۋەت ئۇچرىشىپ تۇرارمىش. بۇ كۆلگە ئەنە شۇ قىز-يىگىتنىڭمۇ تاش ھەيكىلى تۇرغۇزۇلغان.

⑦ تاش لەھەڭ — ئاسايىشلىق سىمۋولى سۈپىتىدە كۇنمىڭ كۆلگە ئورنىتىلغان بولۇپ، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندە قۇيرۇقىنى قىمىرلىتىپ تۇرارمىش.



## قەدىمكىلەر ئىزىنى ئەسلەپ①

تاغمۇ تاغلار تەڭ كېلىپ بولغانىمىدۇ جىنمىنگە جەم،

ئاڭلىسام تۇغۇلۇپتىمىش مەشەددە جاۋجۈن.. خان سەنەم.②

ئوردىدىن كەتكەن پېتى كەلمەپتۇ سەھرادىن يېنىپ،③

قاپتۇ يالغۇز مايىسىرەڭ قەبرى چېكىپ زاۋالدا غەم.④

سۇرىتىڭ گەربەرسىمۇ گۈلدەك چىرايىڭدىن نىشان،⑤

ئەمدى روھىڭ ئاي بىلەن يۇرتۇڭغا يانغاي، خانىشەم.

مىڭ ئەسىر قىلسۇن نىدا گەر پەنجىتار ھون تىلىنى،

يەنىلا ئاڭلاندى روشەن ھەسرىتىڭدىن «دەرد — ئەلەم».⑥

---

① ئاپتور بۇ شېئىرنى مىلادىنىڭ 766 — يىلى سىچۇەننىڭ كۇيجۇ شەھىرىدە مۇساپىر بولۇپ يۈرگەندە يازغان. جەمئىي بەش شېئىر، ئۇنىڭدىن بىرىنىلا تەرجىمە قىلدۇق.

② جاۋجۈن — ۋاڭ جاۋجۈن. خەن پادىشاھى يۈەندىنىڭ ئوردىدا كېنىزىكى. خەن يۈەندى ھون تەڭرىقۇتى خۇخانيا بىلەن تۇغقان بولۇپ ئۆتۈش ئۈچۈن، ئۇنى شۇ ھون تەڭرىقۇتىغا ياتلىق قىلغان.

③ سەھرا — بۇ يەردە ئاپتور ھونلار ياشىغان قۇم — چۆللۈكنى كۆزدە تۇتقان.

④ مايىسىرەڭ قەبرە — رىۋايەت قىلىنىشىچە، ۋاڭ جاۋجۈن-

نىڭ قەبرىسى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل خوخخوت شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، قەبرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلار قۇرۇپ كېتىپ، پەقەت قەبرىنى يېپىپ تۇرغان ئوتلارلا كۆكۇرۇپ تۇرارمىش. شۇڭا ئۇنى مايسىرەڭ قەبرە دەپ كەلگەنىكەن.

⑤ رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، خەن پادىشاھى يۈەندى كېنىزەكلەر ئارىسىدىن خانىش تاللاش ئۈچۈن ئوردا سۈرەتچىسىگە كېنىزەكلەرنىڭ چىراي - شەكلىنى سىزدۇرۇپ كۆرىدىكەن. بۇ ئىلتىپاتقا سازاۋەر بولماق ئۈچۈن كېنىزەكلەر سۈرەتچىگە پارە بېرىپ ئۆزىنى چىرايلىق قىلىپ سىزدۇرىدىكەن. لېكىن ۋاڭ جاۋجۈن پارە بېرىشكە ئۇنىمايدىكەن. شۇڭا سۈرەتچى ۋاڭ جاۋجۈننى ئەتەي سەت قىلىپ سىزىپ پادىشاھقا سۇنىدىكەن - دە، ۋاڭ جاۋجۈن ھەر دورەم بۇ ئىلتىپاتتىن قېپقالىدىكەن. ئۇ ھون تەڭرىقۇتى خۇخانياغا ياتلىق قىلىنىدىغان چاغدا، پادىشاھ ئۇنى بىرىنچى قېتىم ئۆز ھۇزۇرىغا كەلتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ گۈلدەك چىرايىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. لېكىن، خەن يۈەندى ھەسرەت - نادامەت ئىچىدىلا قالىدۇ. ھېچقانداق ئامال قىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ جاۋجۈن مەڭگۈ ھونلار يۇرتىدا قالىدۇ.

⑥ «دەرد - ئەلەم» - ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ۋاڭ جاۋجۈن پەنجىتارنى چېلىشقا ناھايىتى ماھىر بولۇپ، ئۇ ھونلارغا كېلىن بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا، ئۆز يۇرتىنى سېغىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان «دەرد - ئەلەم» ناملىق مۇشۇ سازنى ئىشلىگەنىكەن.



## ئېگىزگە چىققاندا①

قىلارنالە، كۆۋرۈك، مايمۇن شامال سوققاچ بۇ كۈز ئەدەپ،
سۈزۈلدى سۇ، ئاقاردى قۇم، بېلىقچى قۇش ئۇچار لەپ-لەپ.
پايانى يوق دەرەخزاردىن تۆكۈلدى بارچە ياپراقلار،
تىنىمسىز شۇ ئەزىم چاڭجياڭ ئاقار ھەيۋەتتە ئۆركەشلەپ.
بۇ غەمكىن كۈز ئارا كەلدىم مۇساپىر بوپ يىراقلاردىن،
تېنىم بىمار، ئۆزۈم تەنھا، كېلەرمەن تىك ئېگىز ئۆرلەپ.
مۇشەققەت دەستىدىن كەتتى چېكەمنى قار - قىرو باغلاپ،
ئىسىت، قالدىم شارابتىنمۇ يۈرەي ئەمدى قايان تېنەپ؟

① ئاپتور مىلادىنىڭ 767 - يىلى كۈز پەسلىدە كۈيجۇدا مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىكى چۇڭياڭ بايرىمى كېلىدۇ - دە، ئۆزى يالغۇز دەريا بويىدىكى ئېگىزلىككە چىقىپ يىراقنى تاماشا قىلىدۇ ۋە بۇ شېئىرنى يېزىپ چىقىدۇ.

## يىل ھارپىسى توغرىسىدا نەزمە①

چىقتى كۈندە بۇ شامال يىل ئاخىرى قار توزۇتۇپ،
شاۋۋە شاڭ دەرياسىنى، دۈگتىنىڭ كۆلىنى مۇزلىتىپ.②
ئۇقتىسىدىن قاپتۇ بىلىقچى بوۋاي قىش ۋەجىدىن،
تۇرنا ئۇۋۋلار ئەنە موياۋ يا ئېگىپ ئوق ئۈزىتىپ. ③

نەرقى ئاشنىڭ ئۆرلىگەندە كەپتۇ بۇلتۇر لەك تۆلەپ،
چۈشكىنىدە ئەمدى بۇ يىل قاپتۇ ئەل زەرداپ يۇتۇپ.
ئۆيىنىتىپ ئات يۇرسەتەرس كېكىرىپ بەگزادىلەر،
ئولتۇرار ئەل كەپىدە ئاچ دەستىگاھنى توختىتىپ.

بۇندا چۇلىقلا، بىلىق يەر، قوش يېمەس تائامىدا،
ئاتما، بەس، تۇرنىنى ئەمدى جىنى قالسۇن قۇتۇلۇپ.
ئاگىلىسام، يۇرت ئىچىدە غەللە - پاراقنىڭ دەستىدىن،
جان - جىگەر پەرزەنتىنى سېتىپتۇ قەرزگە بوغۇلۇپ.

باشتا ھەپسىگە ئالاتتى قويسا پۇل ئۆز ئالدىغا،
ئەمدىچۇ، قويۇپتۇ مىس پۇل قوغۇشۇندا يۇغۇرۇپ.
نەپ ئالاتتى بەك ئاسان ئالسا ياساپ لايىدىن قېلىپ،
ئەمما، ياخشىلار يامانغا ئۇنچە كەتمەس گول بولۇپ.



كۆللى ئالەمچەك - جېدەلدە، توختىماس بۇرغا ئۈنى،
بۇ غېرىبىمىسكىن سادا ئەمدى قاچان كەتكەي قۇرۇپ؟

① ئاپتور مىلادىنىڭ 768 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، كېمە بىلەن يۆياڭ شەھىرىگە كېلىدۇ ۋە بۇ يەردىكى خەلقنىڭ تۈرلۈك جەبىر - جاپادا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئەمەلدارلار بولسا خەلققە زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن غەلە-پاراق سېلىپ ۋە بۇلىڭ بەدىلىگە ئەيش - ئىشرەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ - دە، بۇ خىل ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى ئۆز شېئىرىدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

② شاۋ، شاڭ - شاۋ شۇي دەرياسى ۋە شاڭجياڭ دەرياسى، بۇ دەريانىڭ ھەر ئىككىسىلا خۇنەن ئۆلكىسىدە.

③ موياۋ — خۇنەن چاڭسا شەھىرى ئەتراپىدا ياشايدىغان بىر خىل ئاز سانلىق مىللەت.

## يەتتە ناخشا ①

بۇ شېئىرلار چەنيۈەن يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇڭگۇنا-
ھېيىسىدە مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا يېزىلغان.

1

بىر مۇساپىر مەنكى، قويدۇم دەپ زىمىي-ئەدەبىي لەقەم،
پاخپىيىپ ئاق چاچلىرىم قۇلاقلىچە چۈشتى شۇدەم.
يېگىنىم مايمۇن كەبى ھەر كۈندە توشقان بۆرىكى.②
تاغقا قىش كەلسە، زاۋال چۈشسە چۈشەر باشىمغا غەم.
نە خەۋەر يوق ئەھلى يۇرتتىن، نەكى يۇرتقا يول مۇ يوق،
پۇت-قولۇم قالدى قېتىپ سوقتا گويا ئۈزۈلدى دەم.
ۋادەرىخ، تۇنجى ناخشام تولدى چەكسىز مۇڭ بىلەن،
سوقتى شىۋىرغانمۇ دەردلىك مەن ئۈچۈن تارتىپ ئەلەم.

2

ئوتىغۇچ، ھەي ئوتىغۇچ، سىنىڭ سىپىڭدۇر ئاق تېرەك،
بار تاۋاباتىم ئۈچۈن بىر سەن ئىدىڭ يارۇ يۆلەك.
تېخى بىخ ئۇرمايلا دانىمۇ كەتتى تاغنى قار بېسىپ،
ئاشىمدى تىزدىن چاپان، ياپالمىدى ئەتنى ئېتەك.



سەن بىلەن قايتقاندا بوش قول مەن ئېتىزدىن ئۆي تامان،
ئاھۇ-زاردىن ئۆزگە ھېچ يوقتى ھاياتلىقتىن دېرەك.
ۋادەرىخ، ئىككىنچى ناخشام ياڭرىغاندا ئەمدىلا،
مەن ئۈچۈن قوشنام پىغان چەكتى، ئېزىلدى بۇيۈرەك.

3

ئەي ئۇكام، جانىم ئۇكام، مەندىن نېرى كەتتىڭ يىراق،
ئۈچىمىز تەڭلا قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالدۇق بىراق.
تىرىك ئايرىلدۇق پېلەك ھەر ياڭغا بىزنى تاشلىدى،
يول كېسىلدى جەڭ تۇپەيلى، ئۆرتىدى دىلنى پىراق.
تۇرنىلار ئۇچسا شەرققە چۈشسە شۇم قۇش كەينىگە،
ئۇشبۇ ھالەتتە يېنىڭغا مەن ئاسان بارايمۇ ساق؟
ۋادەرىخ، ئۈچىنچى ناخشام ئۈچ نۆۋەتلا تارتتى ئۇھ،
سەن كېلىپ نەدىن تاپارسەن ئۇستىخانىمنى بىراق؟

4

بار مېنىڭ سىڭلىممۇ جۇڭلى شەھىرىنى ماكانلىغان،
ئۆتتى كۈيۈسى جاھاندىن باللىرى قالدى نادان.
ئارىدا خۇەيخې تۇرادۇر تولغىنىپ ھەژدار كەبى،
ئۆتتى ئون يىل، بىلمىدىم، دىدارلىشارمىزكىن قاچان؟
كەلسىمۇ بارغۇم قېيىقتا ئوق كۆزىدىن قورقىمەن،
چۈنكى، جەنۇبنى تامام جەڭ بايرىقى زىچ قاپلىغان.
ۋادەرىخ، تۆتىنچى ناخشام ياڭرىغاندا ھەر تەرەپ،
تاڭدا-ئورمانلىقتا مايمۇن مەن ئۈچۈن چەكتى پىغان.

5

بۇنداتاغلار شامىلى كۆپ، سۈيى ئاقار ئالدىراپ،
توختىماس كۆز يامغۇرى قاقشال دەرەخنى قامچىلاپ.
كونا،قورايلىق شەھەرنى چۆگىلەپ كەتمەس بۇلۇت،
يۇرسەسىرىق تۇلكە ئۆرە، ئېقى چاپۇر قاتىراپ.
نەئۇچۇن قالغاندىمەن بۇ كەمبەغەل سايدا تۇرۇپ،
كېتىمەنتۈندە تۇرۇپ ئويلاپ بۇنى ئۇيقۇسىراپ.
ۋادەرىخ،بەشىنچى ناخشام ئېيتسام-ئېيتسام تۈگىمەس،
بەلكى ئۆلگەندە كېتەردىم بار چېغى يۇرتقا قاراپ.

6

ئا-تۆۋەنتاغ باغرىدا-كۆلچەكتە ھەۋدار تۇرغىدەك،
ھەمئېلىپ قوينىغا كۆلنى بۈك-باراقسان تال-تېرەك.
كىخازان پەسلىدە ھەۋدار ئۇيقۇغا كەتكەن كۈنى،
كەلدى مەشرىقتىن ئۇزۇپ بىر ئوق يىلان ئىزلەپ كېزەك.
مەن ئۇنى چاپماق ئىدىمۇ، بەس، دېدىم ئۆزۈمگە ھەم،
سۇغۇرۇپ ئېلىپ قىلىچنى غەزىپىم كەلگەچكە بەك.
ۋادەرىخ،ئالتىنچى ناخشام قالدى خىيال ئىلكىدە،
ماڭاكۆلچەك بەرسە دەيمەن نەۋ باھاردىن ئىز - دېرەك.

7

ئاھئىسىت، يىگىتلىكىمگە، بىۋاقىت قالدىم قېرىپ،
كەزدىمئۈچ يىل تاغ-جەزىرە قوينىنى ھېرىپ-ئېچىپ.



بەگلىرى ئاستانە-چاقىئەنلىك، كۆپى بولغاچ نادان،
بەلكى بەرىكەت ئالدى ھەرىكەت ئىكەنىن كەتمەس بىلىپ.
ئۇچرىشىپ قالدىم بۇ تاغدا بىر قەدىناس مولىغا،
ئاھۇ-ھەسرەتتە ئۇزاتتۇق تۈننى تالاي سىردىشىپ.
ۋادەرىخ،يەتتىنچى ناخشام تۈگىدى جىم-جىمغىنا،
قارىسام سۇلغۇن چىراي كۈن باردۇ تېز-تېز پېتىپ.

① ئاپتور تۇگگۇ ناھىيىسىگە بارغاندىن كېيىن پۈتۈن ئا-
ئىلىسى بىلەن دېگۈدەك كېسەل تۇپەيلىدىن كۆرپەتۈتۈپ يې-
تىپ قالىدۇ ۋە شۇ جايدا ۋاقىتلىق ماكان تۇتىدۇ. بۇ چاغ-
دا نامراتلىق، مىسكىنچىلىك، ئۈمىدسىزلىك ۋە ھەسرەت-
نادامەت ئۇنى گويا تاغ بولۇپ بېسىۋالىدۇ. ئۇ ئۆزى مۇ-
شۇنداق كۈنلەرگە قالغاندا، يەنە بىر قېتىم كەڭ يۇقرا بى-
لەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ-دە، يۇقىرىقى يەنە
شېئىرنى ناھايىتى بەدىئىي سەنئەتلىك قىلىپ يېزىپ چىقىدۇ.
② توشقان بۆرىكى — ئىچكىرىنىڭ تاغلىرىدا بولىدىغان
بىر خىل ياۋا مېۋە. ئېۋنى قورسا ناھايىتى مەززىلىك پىشىدۇ.

## توققۇزىنچى كۈنى شەھىرى شىنجۇ سىپىلىغا چىققاندا①

كەلسە «چۇڭياڭ» مەن ئىچەتتىم مەي - شاراب،
ئەمدى ئاقاردى چېچىم بوۋايغا باب.
ھەر يىلى شۇ چاغدا، يۇرتقا باققىلى،
چىققىمەن ھاسارغا تەستە ھالسىراپ.

مەست كۆزۈمگە كۆرۈنەر ئالەم خۇنۇك،
ئېيتىمەن كۆي جان - جىگەرنى يادىلاپ.
جەڭ - جېدەلنى ئويلىسام قورغاندىكى،
بولىدۇ تىلىم گاچا، باغرىم كاۋاپ.

①كونا 9- ئاينىڭ 9- كۈنى خەنزۇ خەلقى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئېگىزلىككە چىقىپ مەي ئىچىپ تاماشا قىلىشىدۇ. شۇڭا بۇ كۈننى «چۇڭياڭ بايرىمى» دەپمۇ ئاتايدۇ.



## قالىغاچ قېيىققا قونغاندا

چەتتە مۇساپىرغا زەپ تەس بىلىنەر ئۆتكەن بۇكۈن،
كەلدى قالىغاچ ئىككى رەت چاڭگا تۈزەپ يەنە بۈگۈن.
ئۇ بىلەن يۇرتتا قەدىناس بولۇشۇپ قالغان ئىدۇق،
كەپتۇ باھار پەسلىدە ئىزلەپ مېنى كۆرمەك ئۈچۈن.
چاڭگىسىنىڭ ئورنى ئىلماس بۇ غېرىب بىچارىنىڭ،
ئوخشىمامدۇ يۈرگىنىم سەرسان بولۇپ ئاڭا پۈتۈن؟
دەم ۋىچىرلاپ ئۇچتى مومدىن، كەتتى بىغىرلاپ سۇنى،
شۇندا ھۆل بولدى ئىتەكىم، خۇددى دىلدىن ئاقتى قان!

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن
1962 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى، 1978 - يىل 11 - ئاي-
دىكى 2 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据人民文学出版社1962年10月第1版1978年11月第2次印刷本翻译出版。

## يۈرىگىن خۇدۇكلىنىپ

ھېچنېمە يارىتالمىدىم ئالەمگە ئەركەك تۆرۇلۇپ،
قالدى لىڭشىپ چىشلىرىم، ئاق چاچقا باشىم كۆمۈلۈپ.

چۈشتى ئەسكە ئوردىغا «ئەردەم.. ئەدەپ» سۇنغانلىقىم،
شۇل كۈنى ھەيرانمەن، كەتتىم شەرەپكە چۆمۈلۈپ؛

مىرزىخانا ئىچىدە قەغەزدە ئويناتسام قەلەم،
ئۆلىمالار كۆرگىلى كىرگەن سارايغا تۇرۇلۇپ.

ئاشۇ چاغ پەرۋاز قىلاتتىم شېئىرىيەت گۈلزارىدا،
ئەمدى ھايدالدىم دالاغا كۆرمىگەن كۈننى كۆرۈپ.

نەۋجىۋانلارغا زاۋالىمدا ئەقىدە ئېيلىسەم،
يۈرگۈدەك ئالدىمدا خوپ دەپ، ئەمماكەينىمدە كۈلۈپ.

بەس، بۇ ئەپسانە جاھان دۆلەتمىنى رەھمەت ساڭا،
تالىشىپ مەندىن تاپاۋەت يۈرىگىن خۇدۇكلىنىپ.

责任编辑：阿布利克木·吐尔地
责任校对：伊力亚斯·热依迷

**杜 甫 诗 选**　（维吾尔文）
克 里 木 · 霍 加 译

---

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华书店发行　伊犁日报印刷厂印刷
787×1092毫米　32开本　3.25印张
1987年4月第1版　1988年1月第1次印刷

---

ISBN 7-238-00316-0/I·104　定价：0.39元

I222.74
U-I

ISBN 7-228-00316-0
I·104 定价：0.39元